رىسالەئى نۇر توپلىمىدىن

# قېرىنداشلىق ھەققىدە

«يولۇم ھەق ياكى تېخىمۇ ياخشى» دېيىشكە ھەققىڭ بار. لېكىن «ھەق يول مېنىڭلا يولۇمدۇر» دېيىشكە ھەققىڭ يوقتۇر.

مۇئەللىپى
بەدىئۇززامان
سەئىد نۇرسى

*Uhuvvet Risalesi*
(Uygur'ca Tercümesi)

Neşreden:
**İHLÂS NUR NEŞRİYAT**
Sanayi Ticaret Ltd. Şti.
Sanayi Cad. Sanayi Han A-Blok
No: 23/69 Ulus – ANKARA
Tel: (312) 324 27 09 Faks: (312) 309 13 05
**Web: www.nur.web.tr**
**e-mail: nur@nur.web.tr**

**ISBN 975-7456-77-2**

* * *

**Ankara – 2005**

© İHLAS NUR NEŞRİYAT

# يىگىرمە ئىككىنچى مەكتۇپ

﴿وَاِنْ مِنْ شَيْءٍ اِلاَّ يُسَبِّحُ بِحَمْدِهِ﴾

## بىرىنچى قىسىم

﴿اِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ اِخْوَةٌ فَاَصْلِحُوا بَيْنَ اَخَوَيْكُمْ﴾ (الحجرات: ١٠)

﴿اِدْفَعْ بِالَّتِي هِيَ اَحْسَنُ فَاِذَا الَّذِي بَيْنَكَ وَبَيْنَهُ عَدَاوَةٌ كَاَنَّهُ وَلِيٌّ حَمِيمٌ﴾ (فصلت: ٣٤)

﴿وَالْكَاظِمِينَ الْغَيْظَ وَالْعَافِينَ عَنِ النَّاسِ وَاللهُ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ﴾ (آل عمران: ١٣٤)

مۆئمىنلەردە ئىتتىپاقسىزلىق ۋە بۆلگۈنچىلىككە ، ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىشىشكە سەۋەپ بولغان تەرەپۋازلىق ، جاھىللىق ۋە ھەسەتخورلۇقلار ، ھەقىقەت بويىچە ، ھېكمەت بويىچە ، ئىنسانىيەتنى كۈبرا دېيىلىدىغان ئىسلامىيەت بويىچە ، شۇنداقلا شەخسى تۇرمۇش ، ئىجتىمائى تۇرمۇش ۋە مەنىۋى ھايات بويىچە يىر گىنچلىق ۋە ناچار ئىللەتلەر بولۇپ زىيانلىق ۋە زۇلۇم ھېساپلىنىدۇ . ھەمدە ئىنسانىيەت ھاياتى ئۈچۈنمۇ زەھەردۇر . شۇ ھەقىقەتنىڭ ناھايىتى كۆپ تەرەپلىرىدىن ئالتە جەھەتتە بايان قىلىمىز .

بىرىنچى جەھەت: ھەقىقەت نۇقتىنەزىرىدە زۇلۇمدۇر .

مۆئمىنگە ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىك قىلغان ئەي ئىنساپسىز ئىنسان ! سەن بىر كېمىدە ياكى بىر

ئۆيدە بولساڭ ، سەن بىللە تۇتقۇز گۇناھسىز ۋە بىر قاراقچى بار بولسا ، ئۇ كىمنى غەرق قىلىشقا ياكى ئۇ ئۆيگە ئوت قويۇپ بېرىشكە ھەربىكەتلەنگەن بىر كىشىنىڭ نەقەدەر زۇلۇم قىلىۋاتقانلىقى بىلىسەن ۋە زالىملىغىنى ئاسمانغا ئاڭلانغىدەك دەرىجىدە تۇۋلاپ ئېلان قىلىسەن. ھەتتا بىرلا گۇناھسىز تۇتقۇز قاراقچى بولغان تەغدىردىمۇ ، يەنىلا ئۇ كىمە ھېچ بىر ئادالەت قانۇنى بويىچە چۆكتۈرەلمەيدۇ.

دەل مۇشۇ مىسالغا ئوخشاش ئاللاھنىڭ بىر ئۆيى ۋە بىر كېمىسى بولغان بىر مۆئمىننىڭ تېنىدە ئىمان ، ئىسلامىيەت ۋە خوشنىلىقتەك تۇتقۇز ئەمەس، بەلكى يىگىرمىدەك گۇناھسىز سۈپەتلىرى بار تۇرسا، ساڭا زىيانلىق بولغان ياقمىغان بىر يامان سۈپىتى يۈزىدىن ئۇنىڭغا

ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىك قىلىش ئارقىلىق ، مەنسۈى ئۆي بولغان ئۇ تەنىنىڭ ، مەنسۈى جەھەتتىن غەرق بولىشىغا ياكى كۆيدۈرۈلىشىگە ، بۇزۇلۇپ ، چۆكۈپ كېتىشكە ھەرىكەت قىلىش ياكى ئارزۇ قىلىش يۇقۇرقى مىسالدىكىدەك ناھايىتى ئېچىنىشلىق بىر زۇلۇمدۇر .

ئىككىنچى جەھەت: ھىكمەت جەھەتتىنمۇ زۇلۇمدۇر . مەلۇمدۇركى ، ئاداۋەت بىلەن مۇھەببەت ، نۇر بىلەن قاراڭغۇلۇقتا ئوخشاش بىر - بىرىگە زىتتۇر . ئىككىسى ھەقىقى مەنىسى بويىچە باراۋەر بىرلىشەلمەيدۇ . ئەگەر مۇھەببەت ، ئۆزىگە سەۋەپ بولغان سەۋەپلەرنىڭ ئۈستۈنلىكىگە بىنائەن ھەقىقى ھالدا بىر قەلبدە بار بولىسا ، ئۇ ۋاقىت ئاداۋەت ھەقىقى بولماس، ئىچ ئاغرىتىش شەكلىگە ئايلىنىدۇ . مۆئمىن كىشى

قىرىندىشنى سۆيىدۇ ۋە سۆيىشى كېرەك. لېكىن يامانلىقى ئۈچۈن پەقەت ئۆچ ئالغۇسى يامانلىق قىلىش ئەمەس، بەلكى مۇلايىملىق بىلەن تۈزىلىشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەدىستە دېيىلگەن : «ئۈچ كۈندىن ئارتۇق مۆئمىن مۆمىنگە قىيداپ گەپلەشمەسلىككە بولمايدۇ.» .

ئەگەر ئاداۋەت ھەقىقى ھالدا بىر قەلبتە بولسا، ئۇ ۋاقىت ، مۇھەببەت ھەقىقى بولمايدۇ، ياسالمىچىلىق ، ھىلىگەرلىك شەكلىگە كىرىدۇ.

ئەي ئىنساپسىز ئىنسان ! مۆئمىن قېرىندىشىڭغا ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىكىنىڭ نەقەدەر زۇلۇم ئىكەنلىكىگە قاراپ ، سەن ئاددى كىچىك تاشلارنى كەبىدىنمۇ قىممەتلىك ۋە ئوھۇد تېغىدىنمۇ چوڭ دېسەڭ ئەخمىقانە ھالدا ئەقىلسىزلىك قىلغان بولىسەن. دەل شۇنىڭغا

ئوخشاش ، كەبەھۆرمىتىدە بولغان ئىماندەك ۋە ئۇھۇد تىپغى چوڭلىغىدا بولغان ئىسلامىيەتتەك كۆپلىگەن ئىسلامى سۈپەتلەر ، مۇھەببەتنى ۋە ئىتتىپاقلىقنى تەلەپ قىلىسمۇ ، مۆمىنلەرگە قارشى ئاداۋەتكە سەۋەپ بەرگەن ئاددى تاشلار ھۆكمىدىكى بەزى قۇسۇرلارنى ، ئىمان ۋە ئىسلامىيەتتىن ئۈستۈن بىلىش ، شۇنىڭدەك كلا ئىنساپسىزلىق ۋە ئەقىلسىزلىك ھەمدە ناھايىتى چوڭ بىر زۇلۇم بولىدىغانلىغىنى ئەقلىڭ بولسا چۈشىنىسەن.

شۇنداق ، ئىمانىنىڭ بىرلىكى ئەلۋەتتە قەلبلەرنىڭ بىر بولىشىنى تەلەپ قىلىدۇ . شۇنداقلا ئېتىقات بىرلىكىمۇ جەمىيەتنىڭ بىرلىكىنى تەلەپ قىلىدۇ . ئىنكار قىلالمايسەنكى ، سەن بىر كىشى بىلەن ئارمىيەدە بىللە بولۇش بىلەن، ئۇ كىشىگە دوستانە بىر مۇناسىۋەت ھىس قىلىسەن.

بىر قوماندانىنىڭ ئۆمرى ئاستىدا باراۋەر بولغانلىقىڭلاردىن بىر قېرىنداشلارچە ئالاقە سېزىسەن. ھەمدە بىر مەملىكەتتە بىللە بولۇش بىلەن تۇققانلارچە بىر مۇناسىۋەت ھىس قىلىسەن. ھالبۇكى، ئىمان بەرگەن نۇر ۋە زېھىن ئارقىلىق ھىس قىلىنىدىغان ، ھەمدە ئىمان ساڭا كۆرسەتكەن ۋە بىلدۈرگەن ئىلاھى ئىسىملار سانىدا بىرلىك ئالاقىلىرى ۋە ئىتتىپاقلىق باغلىنىشلىرى ۋە قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتلىرى بار. مەسىلەن ، ھەر ئىككىڭلارنىڭ ياراتقۇچىڭلار بىر ئىگەڭلەر بىر ، رىسق بەرگۈچىڭلار بىر... بىر بىر مىڭغا قەدەر بىر بىر . ھەمدە پەيغەمبىرىڭلار بىر ، دىنىڭلار بىر، قىبلەڭلەر بىر... بىر بىر يۈزگە قەدەر بىر بىر . كېيىن يېزاڭلار بىر، ۋەتىنىڭلار بىر ۋە شەھرىڭلار بىر ..... ئونغا قەدەر بىر بىر . بۇ قەدەر بىر بىرلار

بىرلىكى ۋە بىرلىشىنى ، دوستلۇق ۋە ئىتتىپاقلىقنى ، مۇھەببەت ۋە قېرىنداشلىقنى كىرەك قىلىپ تۇرسا، شۇنداقلا كائىنات ۋە يۇلتۇزلارنى بىر - بىرىگە باغلايدىغان مەنىۋى زەنجىرلەر بار تۇرسا، ئىتتىپاقسىزلىق ۋە بۆلگۈنچىلىككە ، ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىشىشكە سەۋەپ بولغان ئۆمۈچۈك تورىدەك ئەھمىيەتسىز ۋە ئەرزىمەس نەرسىلەرنى ئۇلاردىن ئۈستۈن كۆرۈپ، مۆئمىنگە قارشى دۈشمەنلىك قىلىش ۋە ئاداۋەت باغلاش ئۇ بىرلىك باغلىنىشلىرىغا نەقەدەر بىر ھۆرمەتسىزلىك ۋە ئۇ مۇھەببەت سەۋەپلىرىگە قارشى ھاقارەت ۋە ئۇ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىگە قارشى نەقەدەر بىر زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىق بولىدىغانلىقىنى قەلبىڭ ئۆلمىگەن بولسا ، ئەقلىڭ ئۆچمىگەن بولسا چۈشىنىسەن.

ئۈچىنچى جەھەت : ھەقىقى ئادالەتنى ئىپادە

قىلغان

﴿وَلاَ تَزِرُ وَازِرَةٌ وِزْرَ اُخْرى﴾ (الانعام: ١٦٤)

سىرىنغا بىنائەن ، بىر مۆئمىندىكى بىر يامان سۈپەت يۈزىدىن، باشقا ياخشى سۈپەتلىرىنى مەھكۇم قىلىش شەكلىدە بولغان دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەت قىلىش نەقەدەر چەكسىز بىر زۇلۇم بولىدىغانلىقىنى ، بولۇپمۇ بىر مۆئمىنىنىڭ يامان سۈپىتىدىن قىيداپ ، ئۇ مۆئمىنىنىڭ تۇققىنىغىمۇ ئاداۋەت قىلىش

﴿اِنَّ الاِنْسَانَ لَظَلُومٌ﴾(ابراهيم: ٣٤)

قائىدىسى بويىچە ئىنتايىن چوڭ بىر زۇلۇم بولىدىغانلىقىغى ھەقىقەت، شەرىئەت ۋە ئىسلامىيەت ھىكمىتى ئەسكەرتىپ تۇرسا، قانداقمۇ ئۆزۈڭنى ھەقلىق دەپ تونۇيسەن؟ مىنىڭ ھەققىم بار دەيسەن؟ ھەقىقەت

نۇقتىنەزىرىدە ئاداۋەتكە ۋە يامانلىققا سەۋەب بولغان يامانلىقلار ، يامانلىق ۋە توپراقتەك قاراڭغۇ، نۇرسىز بولۇپ ، باشقىسىغا يۇقماسلىقى ۋە ئىنكاس قىلماسلىقى كېرەك. باشقىسى ئۇنىڭدىن ئۆگىنىپ يامانلىق قىلسا ئۇ باشقا مەسىلە. مۇھەببەتنىڭ سەۋەپلىرى بولغان ياخشىلىقلار مۇھەببەتتەك نۇردۇر. يۇقۇش ۋە ئىنكاس قىلىش ئۇز ئالاھىدىلىگىدۇر. شۇڭلاشقا «دوستىنىڭ دوستى دوستتۇر» سۆزى مەشھۇر ماقال قاتارىغا ئۆتكەن. ھەمدە «بىر كۆز خاتىرى ئۈچۈن ، كۆپ كۆزلەر سۆيىلىدۇ» سۆزىمۇ ھەممىنىڭ تىلىدا ئېيتىلىپ تۇرىشى مانا شۇنىڭ ئۈچۈندۇر.

ئەي ئىنساپسىز ئىنسان ! ھەقىقەت ئەنە شۇنداق قارايدۇ. سەن سۆيمىگەن بىر كىشىنىڭ سۆيۈملۈك بىر قېرىندىشىغا ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرىغا

ئاداۋەت قىلىشنىڭ نەقەدەر ھەققانىيەتسىزلىك ئىكەنلىكىنى ھەقىقەتچىل بولساڭ چۈشىنىسەن.

تۆتىنچى جەھەت: شەخسى تۇرمۇش جەھەتتىن قارىغاندىمۇ زۇلۇمدۇر. شۇ تۆتىنچى جەھەتنىڭ ئاساسى سۆپىتىدە بىر قانچە قائىدىنى ئاڭلا.

بىرىنچىسى: سەن يولۇڭنى ۋە پىكرىڭنى ھەق دەپ بىلسەڭ، يولۇم ھەق ياكى تېخىمۇ ياخشى دېيىشكە ھەققىڭ بار. لېكىن ھەق يول مېنىڭلا يولۇمدۇر، دېيىشكە ھەققىڭ يوقتۇر.

وَعَيْنُ الرِّضَا عَنْ كُـلِّ عَيْبٍ كَلِيلَةٌ
وَلَكِنَّ عَيْنَ السُّخْطِ تُبْدِى الْمَسَاوِيَا

سىرى بويىچە ئىنساپسىز نەزىرىڭ ۋە ئاددى پىكرىڭ ھاكىم (ھەق ناھەقنى ئايرىغۇچى)

بولالمايدۇ ، باشقىسىنىڭ يولىنى خاتا دەپ هۆكۈم چىقىرالمايدۇ.

ئىككىنچى قائىدە : هەر ئىبىتقىنىڭ هەق بولىشى. بىراق هەر هەقنى ئىبىتىشتا سىنىڭ هەققىڭ يوقتۇر. هەر دىگىنىڭ توغرا بولىشى كېرەك. بىراق هەر توغرىنى دىيىش توغرا ئەمەس. لېكىن ساغا ئوخشاش نىيىتى خالىس بولمىغان كىشى نەسىھەتنى بەزىدە تەككۈزۈپ ئىبىتىپ ، ئەكسىچە نەتىجە چىقىرىدۇ.

ئۈچىنچى قائىدە : ئاداۋەت قىلىشنى خالىساڭ ، قەلبىڭدىكى ئاداۋەتكە ئاداۋەت قىل، ئۇنى يوقىتىشقا هەرىكەت قىل. ئەڭ كۆپ ساڭا زىيان بەرگەن نەفسى ئەممارەڭگە* هاۋايى نەفسىڭگە ئاداۋەت

*نەفسى ئەممارە : شەيتاننىڭ تەكلىۋى ئىبىرازىسىز

قىل، تۇزىلىشكە كۆچ چىقار. ئۇ زىياندىش نەفسىنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن مۆئمىنلەرگە ئاداۋەت قىلما. ئەگەر دۈشمەنلىك قىلىشنى خالىساڭ ، كاپىرلار ، دىنسىزلەر كۆپ، ئۇلارغا ئاداۋەت قىل. شۇنداق ، مۇھەببەت سۆيىتى مۇھەببەتكە لايىق بولغاندەك، ئاداۋەت سۆيىتىمۇ ئاداۋەتكە لايىقتۇر. ئەگەر دۈشمىنىڭنى مەغلۇپ قىلىشنى خالىساڭ يامانلىقىغا قارشى ياخشىلىق قىل. ئەگەر يامانلىق بىلەن قارشىلىق قىلساڭ خۇسۇمەن تېخىمۇ كۈچىيدۇ. كۆرىنىشتە مەغلۇپ بولسىمۇ قەلبىدە ئاداۋەت ساقلايدۇ. ئاداۋەت داۋاملىشىدۇ. ئەگەر ياخشىلىق بىلەن قارشىلىق قىلساڭ ،

پۇشايمان قىلىدۇ. ساڭا دوست بولىدۇ....

---

قوبۇل قىلىدىغان نەفس.

اِذَا اَنْتَ اَكْرَمْتَ الْكَـــرِيمَ مَلَكْتَهُ
وَاِنْ اَنْتَ اَكْرَمْتَ اللَّـــئِيمَ تَمَرَّدَا

هۆكمى بويىچە مۆئمىننىڭ ئالاھىدىلىگى كەرىم* بولىشىدۇر. سىنىڭ ئىلتىپاتىڭ بىلەن ساخا بويسۇندۇ. كۆرىنىشتە ئىچى تار بولسىمۇ ئىمان جەھەتتە كەڭدۇر. شۇنداق، يامان بىر كىشىگە ياخشى ، ياخشى دىسەڭ ياخشى بولۇپ كىتىشى ۋە ياخشى بىر كىشىگە يامان ، يامان دىسەڭ ، يامان بولۇپ كىتىشى كۆپ كۆرىلىدۇ. ئۇنداقتا

*كەرىم : مەرت، ئىلتىفاتكار، ئىچى كەڭ.

﴿وَاِذَا مَرّوا بِاللَّغْوِ مَرُّوا كِرَامًا﴾ (الفرقان: ٧٢)

﴿وَاِنْ تَعْفُوا وَتَصْفَحُوا وَتَغْفِرُوا فَاِنَّ اللّٰهَ غَفُورٌ رَحِيمٌ﴾

دەك قۇرئانىنىڭ مۇقەددەس قائىدىلىرىگە قۇلاق سال. بەخت ۋە ئامانلىق ئۇنىڭدا.

تۆتىنچى قائىدە : دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەت قىلغانلار ھەم نەفسىگە ھەم مۆئمىن قېرىندىشىغا ھەم ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە* زۇلۇم قىلىپ، ھەددىدىن ئاشىدۇ. ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىك بىلەن نەفسنى قايغۇلۇق بىر ئازاپقا قويىدۇ. دۈشمىنىگە كەلگەن نىمەتلەر سەۋەپلىك ئازاپلارنى، ئۇنىڭدىن قورقۇشتىن كەلگەن ئەلەملەرنى نەفسىگە تارتقۇزىدۇ، نەفسىگە زۇلۇم قىلىدۇ. ئەگەر ئاداۋەت ھەسەتخورلۇقتىن كەلسە، ئۇ

*رەھمەت : مەرھەمەت ، شەپقەت، ئىھسان قىلىش.

تامامەن ئازاپتۇر . چۈنكى ھەسەتخورلۇق ئەلۋ
ئاۋال ھەسەتخورنى ئۆزىدۇ، ئۆلتۈرىدۇ،
كۆيدۈرىدۇ . قارشى تەرەپكە بولسا زىيان يا ئاز
ۋە ياكى بولمايدۇ . ھەسەتخورلۇقنى يوق
قىلىشنىڭ چارىسى : ھەسەتخور كىشى
كۆرەلمەيۋاتقان نەرسىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنى
ئويلىسۇن ۋە چۈشەنسۇنكى، دۇشمىنىدىكى
دۇنياۋى ياخشىلىق ، قۇۋۋەت، مەرتىۋە ۋە
بايلىقلار فانىدۇر (ۋاقىتلىق)، پايدىسى ئاز ،
زەخمىتى كۆپتۇر . ئەگەر ئاخىرەتلىك پەزىلەتلەر
بولسا ، ئۇنىڭغا ھەسەتخورلۇق بولماس. ئەگەر
ئۇلارغىمۇ ھەسەتخورلۇق قىلسا يا ئۆزى رىياكار
بولۇپ ، ئاخىرەت مىلىنى دۇنيادا يوق قىلىشنى
خالايدۇ ياكى قارشى تەرەپنى رىياكار دەپ
بىلىدۇ . ھەقسىزلىق قىلىدۇ . زۇلۇم قىلىدۇ . ھەمدە
ئۇنىڭغا كەلگەن بالا - مۇسىبەتلەردىن مەمنۇن

بولۇپ ، نىمەتلەردىن قايغۇرسا ، ئۇنىڭغا قىلغان
ياخشىلىقلار سەۋەپلىك ئاللاھنىڭ تەقدىرى ۋە
رەھمىتىگە خاپا بولسا ، يەنى تەقدىرنى تەنقىت
قىلىپ ، رەھمەتكە ئىتىراز بىلدۈرسە، ئۇ ھالدا
تەغدىرنى تەنقىت قىلغان ، بېشىغا تاش ئۇرۇپ
ياردۇ، رەھمەتكە ئېتىراز بىلدۈرگەن رەھمەتتىن
مەھرۇم قالىدۇ. ئەجەبا بىر كۈن ئاداۋەت
ساقلاشقا ئەرزىمىگەن بىر نەرسىگە بىر يىل
ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىك قىلىشنى قايسى ئىنساپ
قوبۇل قىلىدۇ؟ قايسى بۇزۇلمىغان ۋىجدانغا
مۇۋاپىق كېلىدۇ؟ ھالبۇكى ، مۆئمىن
قېرىندىشىڭدىن ساڭا كەلگەن بىر يامانلىقنى
پۈتۈنلەي ئۇنىڭدىن كۆرۈپ، ئۇ بويىچە ھۆكۈم
قىلالمايسەن . چۈنكى بىرىنچىدىن ، تەغدىرنىڭ
بىر ئۈلۈشى بار، ئۇنى چىقار. ئىككىنچىدىن ،
نەفس ۋە شەيتاننىڭ ئۈلۈشىنىمۇ ئايرىپ، ئۇ

كىشىگە ئاداۋەت ئەمەس، بەلكى نەفسىگە مەغلۇپ بولغانلىقىدىن ئىچ ئاغرىتىشنى ۋە پۇشايمان قىلىشنى كۆتۈش . ئۇچىنچىدىن ، سەن ئۆز نەفسىڭدىكى كۆرمىگەن ۋە كۆرۈشنى خالىمىغان قۇسۇرۇڭنى كۆر ، بىر ئۆلۈش ئۈنىڭغىمۇ بەر . كېيىن قالغان كىچىك بىر ئۆلۈشكە قارشى ، ئەڭ ساغلام ۋە دۈشمىنىڭنى ئەڭ تېز مەغلۇپ قىلىدىغان ئەپۇ ۋە كەچۈرۈم قىلىش بىلەن ، ئالى جاناپلىق بىلەن قارشىلىق قىلساڭ زۇلۇمدىن ۋە زىياندىن قۇتۇلىسەن. بولمىسا، ئەينەك ۋە مۇز پارچىلىرىنى ئالماس باھاسىغا ئالغان مەست ۋە ئەخمەق جەۋھەرچى يەھۇدىگە ئوخشاش ، بەش تىينگە ئەرزىمىگەن فانى ، ئۆتۈپ كېتىدىغان ، ۋاقىتلىق ، ئەھمىيەتسىز دۇنيالىق ئىشلارغا ، خۇددى ئەبەدى بۇ دۇنيادا تۇرۇپ ، ئەبەدى بىللە قالىدىغاندەك

كۆچلۈك بىر خىرىس بىلەن ۋە دائىملىق بىر ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىك بىلەن قارشىلىق قىلىش بىر زۇلۇمدۇر ياكى بىر مەستىلىكتۇر ۋە بىر خىل ئەخمەقلىقتۇر.

ئەگەر شەخسىڭنى سۆيسەڭ شەخسى تۇرمۇش جەھەتتىن بۇنچىلىك زىيانلىق بولغان ئاداۋەت ۋە ئىنتىقام پىكرىنىڭ قەلبىڭگە كىرىشىگە يول قويما. ئەگەر قەلبىڭگە كىرگەن بولسا ، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىما. بۇ ھەقتە ھەقىقەتپەرۋەر ھافىز شىرازىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلا كى،

*دنيا نه متاعيستى كه ارزد بنزاعى*

يەنى «دۇنيا ئۇنچە تالىشىشقا ئەرزىگىدەك قىممەتلىك مال ئەمەس» . چۈنكى فانى ۋە ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن قىممەتسىزدۇر.

يوغان دۇنيا مۇنداق بولسا ، دۇنيانىڭ كىچىك ئىشلىرى نەقەدەر ئەھمىيەتسىز ئىكەنلىكىنى چۈشىنىسەن. ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن:

*اسایش دوگیتی تفسیر این دو حرفست*

*بادوستان مروت با دشمنان مدارا*

يەنى: «ئىككى جاھاننىڭ راھەت ۋە ئامانلىقىنى ئىككى ھەرپ تەسۋىرلەپ بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشتۈرىدۇ: دوستلىرىغا قارشى مەرتلىك بىلەن مۇناسىۋەت، دۈشمەنلىرىگە ئىتتىپاقلىشىش بىلەن مۇئامىلە قىلىشتۇر.

ئەگەردە مۇنداق دېسەك: ئىختىيار مېنىڭ قولۇمدا ئەمەس، تەبىئىتىمدە ئاداۋەت بار. ھەمدە كۆڭلۈمنى ئاغرىتقانلىقىدىن ئۇنىڭدىن ۋاز كېچەلمەيۋاتىمەن.

جاۋاپ: يامان خۇي ۋە ناچار مىجەز ئەسىرى كۆرسىتىلمىسە ۋە غەيۋەتكە ئۇخشىغان ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەر بىلەن ئەمەل قىلىنمىسا ، ھەمدە قۇسۇرۇڭنى بىلسەڭ زىيىنى يوق. ئىختىيار سىنىڭ قولۇڭدا بولمىغانلىقتىن ۋاز كېچەلمەيۋاتقان بولساڭ ، سىنىڭ مەنىۋى بىر پۇشايمان ، يوشۇرۇن بىر تۆۋبە - ئىستىغبار ھۆكمىدە بولغان قۇسۇرۇڭنى بىلىشىڭ ۋە ئۇ تەبىئىتىڭ بويىچە ھەقسىز ئىكەنلىكىڭنى چۈشىنىشىڭ ئۇنىڭ زىيىندىن سىنى قۇتقۇزىدۇ. بۇ مەكتۇپنىڭ يېزىلىش سەۋەبمۇ ، بۇ مەنىۋى ئىستىغپارنى قىلدۇرۇش، ھەقسىزلىكنى ھەق بىلمەسلىك ، ھەقلىق دۈشمىنىنى ھەقسىز كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈندۇر.

دىققەت تارتىدىغان بىر ھادىسە: بىر ۋاقىت غەرەز كارلارچە تەرەپۋازلىق نەتىجىسى بولغان

بىر مۇئامىلە كۆردۈمكى، دىندار بىر ئالىم ئۆزىنىڭ سىياسەت پىكرىگە قارشى بىر تەقۋا ئالىمنى كاپىرلىققا چىقارغۇدەك دەرىجىدە هاقارەت قىلدى. ئۆز پىكرىدە بولغان بىر مۇناپىقنى بولسا هۆرمەت بىلەن ماختىدى.

سىياسەتنىڭ مانا مۇشۇنداق ناچار نەتىجىلىرىدىن هۇر كۈپ

اَعُوذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ وَالسِّيَاسَةِ

دىدىم. شۇ ۋاقىتتىن بىرى سىياسەت هاياتىدىن ئۆزۈمنى تارتتىم.

بەشىنچى جەهەت : ئىجتىمائى هايات بويىچە جاهىللىق ۋە تەرەپۋازلىق ناهايىتى زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئەگەر مۇنداق سورالسا : هەدىستە

دىيىلگەن ئىختىلاپ بولسا تەرەپۋازلىقنى كېرەك قىلىدۇ. تەرەپۋازلىق كېسەللىكى، ئېزىلگەن ئاۋامنى زالىم كىشىلەرنىڭ زىيىنىدىن قۇتقۇزىدۇ. چۈنكى بىر رايوننىڭ ياكى بىر يېزىنىڭ چوڭلىرى ئىتتىپاقلىشىۋالسا، ئاۋام خەلقنى ئېزىشىدۇ. ئەگەر تەرەپلەرگە ئايرىلسا، ئېزىلگەن كىشى بىر تەرەپكە ئىلتىجا قىلىپ، ئۆزىنى قۇتقۇزىدۇ ھەمدە پىكىر مۇنازىرىلىرىنى ۋە ئەقىل زىددىيەتلىرىدىن ھەقىقەت تولۇق ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

جاۋاپ: بىرىنچى سوئالغا دەيمىزكى، ھەدىستە ئېيتىلغان ئىختىلاپ بولسا، مۇسبەت ئىختىلاپتۇر. ھەر بىرى ئۆز مەسلىكىنىڭ (يولىنىڭ) تۈزىلىشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىدۇ. باشقىسىنىڭ يولىنى بۇزۇش ۋە

تەرەپدار بولسا ، ئۇ كىشى شەيتانغا رەھمەت ئوقۇيدۇ. ئەگەر قارشى تەرەپكە پەرىشتىدەك بىر كىشى كەلسە ئۇنىڭغا ھاشا!* لەنەت ئوقۇيدىغان دەرىجىدە بىر ھەقسىزلىق قىلىدۇ.

ئۈچىنچى سوئالغا دەيمىزكى، ھەق نامىغا ، ھەقىقەت ھېسابىغا بولغان مۇنازىرىلەر بولسا مەقسەت ۋە ئاساستا ئىتتىپاق بولۇش بىلەن بىرگە، سەۋەپلەردە ئىختىلاپ قىلىدۇ. ھەقىقەتنىڭ ھەر بۇرجىكىنى ئىزھار قىلىپ ، ھەق ۋە ھەقىقەتكە خىزمەت قىلىدۇ. بىراق تەرەپكارانە ۋە غەرەزكارانە فىرئەۋنلاشقان نەفسى ئەممارە ھېسابىغا بولغان مەنمەنچىلىك، شۆھرەتپەرەسلىك شەكلىدىكى مۇنازىرىلەردىن

---

*ھاشا : قەتئىيەن مۇنداق بولمايدۇ. ئاللاھ ساقلىسۇن مەنىلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ.

يـوقـتـتـش ئۆچۈن ئـەمـەس، بـەلـكـى مۇكەممەللىشىشى ۋە تۈزىلىشى ئۈچۈن ھەركەت قىلىدۇ.

مەنپى ئىختىلاپ بولسا ، غەرەزكارانە ، ئاداۋەتكارانە بىر - بىرىنى بۇزۇش ئۈچۈن ھەرىكەتلىنىشتۇر. ئۇ ھەدىس بويىچە بۇ مەقبۇل ئەمەس. چۈنكى بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشقانلار مۇسبەت ھەرىكەت قىلالمايدۇ.

ئىككىنچى سوئالغا دەيمىزكى ، تەرەپۋازلىق ئەگەر ھەق نامىغا بولسا ، ھەقلىقلار ئۈچۈن ئىلتىجا قىلىش نۇقتىسى بولىشى مۇمكىن، لېكىن ھازىرقىدەك غەرەزكارانە نەفس نامىغا بولغان تەرەپۋازلىق ھەقسىزلار ئۈچۈن ئىلتىجا قىلىش ۋە تايىنىش نۇقتىسى بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى غەرەزكارانە تەرەپۋازلىق قىلغان بىر كىشىگە شەيتان كېلىپ ئۇنىڭ پىكرىگە ياردەملىشىپ

«ھەقىقەت نۇرى» ئەمەس بەلكى پىتنە ئوتلىرى چىقىدۇ. چۈنكى مەقسەتتە ئىتتىپاقلىق كېرەك تۇرسا، ئەكسىچە ھەرىكەت قىلىدىغان ئەنە شۇنداقلارنىڭ پىكىرلىرىنىڭ يەر شارىدىمۇ بىرلىشىش نۇقتىسى تېپىلمايدۇ. ھەق نامىغا بولمىغانلىقتىن چەكسىز دەرىجىدە ھەددىدىن ئېشىپ، ساقايتىش مۇمكىن بولمىغان پارچىلىنىشلارغا سەۋەپ بولىدۇ. ھازىرقى دۇنيا ئەھۋالى بۇنىڭغا گۇۋاھ....

خۇلاسە:

اَلْحُبُّ لِلّٰهِ ❁ وَالْبُغْضُ فِي اللّٰهِ ❁ وَالْحُكْمُ لِلّٰهِ ❁

بولغان ئالى دەستۇرلار ھەرىكەت دەستۇرى بولمىسا، بۆلگۈنچىلىك ۋە ئىتتىپاقسىزلىق كېلىپ چىقىدۇ. شۇنداق،

دىسە ، ئۇ دەستۇرلارنى نەزەرگە ئالمىسا ئادالەت قىلمەن دەپ زۇلۇم قىلىدۇ.

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر ھادىسە: بىر ۋاقىت ئىمامى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كاپىرنى يەرگە باسىدۇ. قىلىچىنى چىقىرىپ ئۆلتۈرىدىغان ۋاقىتتا ، ئۇ كاپىر ئۇنىڭغا تۈكۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، كاپىرنى ئۆلتۈرمەستىن قويىۋېتىدۇ. كاپىر ئۇنىڭغا «نىمىشقا ئۆلتۈرمەيسەن؟ » دىگەندە ، ھەزرىتى ئەلى جاۋابەن : «سېنى ئاللاھ ئۈچۈن ئۆلتۈرەتتىم .لېكىن ماڭا سەن تۈكۈرگەندىن كېيىن غەزەپكە كەلدىم . نەفسىمنىڭ ئۈلۈشى ئارىلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئىخلاسىم زېدىلەندى. شۇڭلاشقا سېنى ئۆلتۈرمىدىم.» ئۇ كاپىر ئۇنىڭغا

دەيدۇ : «مېنى تېزراق ئۆلتۈرىشىڭ ئۈچۈن سېنىڭ غەزىۋىڭنى كەلتۈرگەن ئىدىم. ھەقىقەتەن دىنىڭلار بۇ دەرىجىدە ساپ ۋە خالىس ئىكەن، دىمەك ئۇ دىن ھەقتۇر.»

يەنە بىر دىققەتكە ئەرزىيدىغان ۋاقە : بىر زامان بىر ھاكىم بىر ئوغرىنىڭ قولىنى كەسكەن ۋاقىتتا غەزەپ كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا دىققەت قىلغان ئادىل پادىشاھى، ئۇنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلايدۇ. چۈنكى شەرىئەت نامىغا ئىلاھى قانۇن ھېسابىغا كەسكەن بولسا، نەفسى ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتاتتى ۋە قەلبى غەزەپلەنمەي، مەرھەمەتمۇ قىلمايدىغان بىر شەكىلدە كەسكەن بولاتتى. دىمەك نەفسىگىمۇ ھۆكۈمدىن بىر ئۈلۈش چىقارغانلىقى ئۈچۈن ئادالەت بىلەن ئىش كۆرەلمىدى.

ئىچىنىشقا تېگىشلىك بىر ئىجتىمائى ۋەزىيەت

ۋە ئىسلامىيەتنىڭ قەلبىنى يىغلىتىدىغان دەھشەتلىك بىر ئىجتىمائى ھاياتتىكى كېسەل:

«ئىرتقى دۈشمەنلەر ھۇجۇم قىلغاندا ، ئىچكى دۈشمەنلىشىشنى تاشلاش ۋە ئۇنۇتۇش» دىگەن بىر ئىجتىمائى دەستۇرنى ئىلىڭ نادان قەۋملەرمۇ تەقدىرلەپ ، ئۇ بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ. ئەمدى شۇ ئىسلامىيەت جامائىتىگە خىزمەت كۆرسىتىش داۋاسى قىلغانلارغا نىمە بولدىكىن، بىر - بىرى ئارقىسىدا ئىسلامغا ھۇجۇم ۋەزىيىتى ئالغان چەكسىز دۈشمەنلەر تۇرسىمۇ ، كىچىككىنە ئاداۋەتلەرنى ئۇنۇتماي، دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇمىغا يەر ھازىرلىشىۋاتىدۇ. شۇ ۋەزىيەت بىر تۆۋەنلەش ھالىتىدۇر. بىر قورقۇنچلۇق ئەھۋالدۇر. ئىسلامىيەتنىڭ ئىجتىمائى ھاياتىغا بىر خىيانەتتۇر.

ئىبرەت ئېلىشقا تېگىشلىك بىر ھىكايە: سەھرا

قەۋملىرىدىن ھاسەنان قەۋمىنىڭ بىر - بىرىگە دۈشمەن ئىككى قەبىلىسى بار ئىدى. بىر - بىرىدىن بەلكىم ئەللىك كىشىدىن كۆپرەك ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، سىپقان ياكى ھايدەران قەۋمىدەك بىر قەۋم قارشى چىققان ۋاقىتتا، ئىككى دۈشمەن قەبىلە بۇرۇنقى ئاداۋەتنى ئۇنۇتۇپ، مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ، ئۇ سىرتقى دۈشمەننى تارمار قىلغانغا قەدەر ئىچكى ئاداۋەتنى خاتىرلاشمايتتى.

ئەي مۆئمىنلەر ! ... ئەھلى ئىمان قەۋمىگە قارشى تاجاۋۇز ۋەزىيىتىنى ئالغان نەقەدەر دۈشمەن قەۋملىرى بار ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ بىر - بىرى ئىچىدىكى دائىرىلەردەك يۈز دائىرىدىن كۆپرەك بار. ھەر بىرىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن بىرلىشىپ، قول تۇتۇشۇپ، مۇداپىئەلىنىشكە مەجبۇر تۇرساق، ئۇلارنىڭ

ھۇجۇمىنى قولايلاشتۇرۇش، ئۇلارنىڭ مۇقەددەس ئىسلامىيەت شەھەرلىرىگە كىرىشى ئۈچۈن ئىشىكلەرنى ئېچىشتىن ئىبارەت بولغان غەرەزكارانە تەرەپۋازلىق ۋە ئاداۋەتكارانە جاھىللىق ، ئەھلى ئىمانغا ھېچ يارىشامدۇ ؟ دۈشمەن دائىرىلەر ، ئاداشقان ئەھلى زالالەتتىن باشلاپ ، تا كاپىرلار ئالىمىگە قەدەر ، ھەتتا دۇنيانىڭ قورقۇنچلۇق ئەھۋاللىرى ۋە مۇسىبەتلىرىگە قەدەر بىر - بىرى ئىچىدە سىلەرگە قارشى زىيانلىق بىر ۋەزىيەتكە كىرىشكەن، بىر - بىرى ئارقىسىدا سىلەرگە غەزەپ ۋە خىرىس بىلەن قاراۋاتقان ، بەلكىم يەتمىش تۈرلۈك دۈشمەنلەر بار. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە قارشى قۇۋۋەتلىك قورالىڭ ، قالقىنىڭ ۋە قەلئەڭ ئىسلامىيەت قېرىنداشلىغىدۇر ! ئۇ ئىسلامىيەت قەلئەسىنى كىچىك ئاداۋەتلەر

بىلەن ۋە باھانىلەر بىلەن ئاجىزلاتماق ، ۋىجدان ۋە ئىسلامىيەت دەستۇرىغا زىت ئىكەنلىكىنى بىل ۋە ئويغان ! ھەدىسى شەرىفلەردە كەلگەنكى: «ئاخىر زاماننىڭ سۇفيان ۋە دەججالغا ئوخشىغان مۇناپىقلىق ۋە كاپىرلىق بىشىغا ئۆتكۈچى زىياندار قورقۇنچلۇق شەخسلىرى ئىسلامنىڭ ۋە ئىنسانىيەتنىڭ خىرس ۋە بۆلگۈنچىلىكىدىن پايدىلىنىپ ئاز بىر قۇۋۋەت بىلەن ئىنسانىيەتنى قالايمىقانلاشتۇرىدۇ ۋە يوغان ئىسلام ئالەمىنى ئاسارەت ئاستىغا ئالىدۇ.»

ئەي ئەھلى ئىمان! زىللەت ئىچىدە ئاسارەت ئاستىغا كىرمەسلىكنى خالىساڭلار، ئەقلىڭلارنى بىشىڭلارغا ئېلىڭلار . ئىختىلاپلىرىڭلاردىن پايدىلىنىۋاتقان زالىملارغا قارشى

﴿إنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ إِخْوَةٌ﴾ (الحجرات: ١٠)

دىگەن مۇقەددەس قەلئە ئىچىگە كىرىۋالار ۋە
قوغدىنىۋالار. بولمىسا ھاياتىۋالارنىمۇ مۇھاپىزەت
قىلالمايسىلەر، ھوقۇقىۋالارنىمۇ مۇداپىئە
قىلالمايسىلەر. مەلۇمدۇركى، ئىككى قەھرىمان
بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقاندا بىر كىچىك بالا
ھەر ئىككىسىنى ئۇرۇپ قويالايدۇ. ئىنتايىن بىر
نازۇك بىر تارازىدا ئىككى تاغ بىر - بىرىگە
قارشى تەكپۇك ھالدا بولسا، بىر كىچىك تاش
تەكپۇكلۇقنى بۇزۇپ، ئۇلار بىلەن ئوينىيالايدۇ.
بىرىنى يۇقۇرى كۆتىرىپ، بىرىنى تۆۋەنگە
چۈشىرىدۇ. ئەي ئەھلى ئىمان! خىرىس ۋە
خۇسۇمەتكارانە تەرەپۋازلىقىۋالاردىن
قۇۋۋىتىۋالار تامامەن يوق بولىدۇ. ئاز بىر
قۇۋۋەت بىلەن ئىزىلىشىۋالار مۇمكىن.
ئىجتىمائى تۇرمۇشىۋالار بىلەن مۇناسىۋىتىۋالار
بار بولسا

((الــمُؤْمِنُ لِلْــمُؤْمِنِ كَالْبُنْيَانِ يَشُدُّ بَعْضُهُ بَعْضاً))

دىگەن ئالى دەستۇرنى ھايات دەستۇرى قىلىشقىلار. دۇنيادا ئېزىلىشتىن، ئاخىرەتتە بەختسىزلىكتىن قۇتۇلۇشقىلار!

ئالتىنچى جەھەت: مەنىۋى ھايات ۋە ساغلام ئىبادەت، ئاداۋەت ۋە جاھىللىق بىلەن ھالسىرايدۇ. چۈنكى قۇتۇلۇش ۋاستىسى بولغان ئىخلاس يوقىلىدۇ. تەرەپۋاز بىر جاھىل كىشى ئۆزىنىڭ ساۋاپلىق ئىشلىرىدە دۈشمىنىدىن ئۈستۈن بولۇشنى خالايدۇ. ئاللاھ ئۈچۈن خالىس ھالدا بولىدىغان ئەمەلدە ئانچە مۇۋەپپەق بولالمايدۇ. ھەمدە ھۆكۈم ۋە مۇئامىلىدە ئۆز تەرەپدارىنى ئۈستۈن تۇتىدۇ. ئادالەت بىلەن ئىش قىلالمايدۇ. مانا شۇ ياخشى ئەمەل ۋە ساۋاپلىق ئىشلارنىڭ ئاساسلىرى بولغان «ئىخلاس» ۋە

«ئادالەت» ، خۇسۇمەت ۋە ئاداۋەت ئارقىلىق يوقىلىدۇ. شۇ ئالتىنچى جەھەت كۆپ ئۇزۇن، لېكىن ماقام جەھەتتىكى قابىلىيەت قىسقا بولغانلىقتىن بۇ يەردە بولدى قىلىمىز.

# ئىككىنچى قىسىم

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ

﴿إن الله هو الرزاق ذو القوة المتين﴾ (الذرايات : ٥٨)

﴿وكأين من دابة لا تحمل رزقها الله يرزقها وإياكم وهو السميع العليم﴾ (العنكبوت: ٦٠)

ئەي ئەھلى ئىمان ! يۇقۇرىدا ئاداۋەتنىڭ نەقەدەر زىيانلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندىڭ. يەنە چۈشەنگىنكى، ئاداۋەتچىلىك ئىسلامىيەت ھاياتى ئۈچۈن ئەڭ قورقۇنچلۇق بىر زىيانداش كېسەل خىرستۇر. خىرس مەھرۇم قىلىش سەۋەبىدۇر. ھەمدە ئىللەت ۋە زىللەتتۇر*. مەھرۇم قىلىش ۋە پېقىرلىقنى

---

*زىللەت : پەسلىك، ئوسالىق.

كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنداق، بارلىق مىللەتتىن كۆپرەك خىرس بىلەن دۇنياغا بېرىلگەن يەھۇدى مىللىتىنىڭ زىللەت ۋە پېقىرلىقى بۇ ھۆكۈمگە قەتئى گۇۋاھتۇر. شۇنداق، خىرس جانلىقلار ئالىمىدە ئەڭ كەڭ دائىرىدىن باشلاپ، تا ئەڭ كىچىك شەخسكە قەدەر يامان تەسىرىنى كۆرسىتىدۇ.

تەۋەككۇل قىلغان ئاساستا رىزىق تەلەپ قىلىش بولسا، ئەكسىچە راھەتچىلىككە سەۋەپ بولۇش بىلەن بىرگە ھەر يەردە ياخشى تەسىرىنى كۆرسىتىدۇ. بىر خىل جانلىق ۋە رىزىققا مۇھتاج بولغان مېۋىلىك دەرەخلەر ۋە ئۆسۈملۈكلەر تەۋەككۇلچىلىك بىلەن قانائەت قىلىپ، يەرلىرىدە تۇرۇپ، خىرس كۆرسەتمىگەنلىكى ئۈچۈن رىزىقلىرى ئۇلارغا يۈگرىپ كېلىدۇ. ھايۋانلارغا قارىغاندا كۆپ ئەۋلات يېتىشتۈرىدۇ.

هايۋانلار بولسا، خىرىس بىلەن رىزىق ئارقىسىدىن يۈگۈرگەنلىكى ئۈچۈن كۆپلىگەن قىيىنچىلىقلار ۋە نۇقسانلىقلار بىلەن رىزىقىقا ئېرىشەلەيدۇ. ھەمدە ھايۋانات دائىرىسى ئىچىدە زەئىپلىك ۋە ئاجىزلىق تىلى ئارقىلىق تەۋەككۇل قىلغان ھايۋان بالىلىرىنىڭ ساپ، مۇكەممەل ۋە نازۇك رىزىقلىرى رەھمەت خەزىنىسىدىن بېرىلىشى، خىرىس بىلەن رىزىقلىرىغا ئۇرۇنغان يىرتقۇچلارنىڭ ھالال بولمىغان ۋە كۆپلىگەن مۇشەققەتلەر بىلەن ئېگە بولغان يىرگىنچلىق رىزىقلىرى كۆرسىتىدۇكى، خىرىس مەھرۇم قىلىش سەۋەبىدۇر. تەۋەككۇل ۋە قانائەت بولسا، مەرھەمەتكە ئېرىشىش ۋاستىسىدۇر.

ئىنسانىيەت دائىرىسى ئىچىدە ھەر مىللەتتىن بەكىرەك خىرىس بىلەن دۇنياغا يېپىشقان ۋە ئاشىقلىق بىلەن دۇنيا ھاياتىغا باغلانغان يەھۇدى

مىللىتىنىڭ ، كۆپلىگەن مۇشەققەت بىلەن ئىگە بولغان، ئۆزىگە پايدىسى ئاز بولغان ، پەقەت ئىگىدارچىلىقىدىكى ھارام بولغان پىرسەنت بايلىقى سەۋەبىدىن، بارلىق مىللەتلەردىن يىگەن زىللەت ۋە مەھرۇمىيەت كاچىتى ، دۇچار بولغان ئۆلۈشلەر ۋە ئاھانەتلەر كۆرسىتىدۇكى، خىرس، زىللەت ۋە زىيان تارتىشقا سەۋەپتۇر .

خىرس قىلىدىغان بىر ئىنسانىنىڭ ھەر ۋاقىت زىيانغا ئۇچرايدىغانلىقىغا دائىر ئۇ قەدەر كۆپ ۋاقىئەلەر باركى

الحريص خآئب خاسر

ماقال سۆيىتىدە ھەممە نەزىرىدە بىر ئومۇمى ھەقىقەت تۈرىدە قوبۇل قىلىنغاندۇر . ئۇنداقتا ، ئەگەر مالنى بەك سۆيسەڭ خىرس بىلەن ئەمەس، بەلكى كۆپرەك كېلىشى ئۈچۈن قانائەت بىلەن

تەلەپ قىل.

قانائەت قىلغان بىلەن خىرس قىلغانىنىڭ مىسالىلىرى تۆۋەندىكى ئىككى شەخسكە ئوخشايدۇ. بۈيۈك بىر زاتنىڭ سارىيىغا كىرىشىدۇ. بىرى قەلبىدىن دەيدۇكى: «مېنى پەقەت قوبۇل قىلسىلا بولدى. سىرتتىكى سوغۇقتىن قۇتۇلسام يېتەر. ئەڭ تۆۋەن تەرەپتىكى ئورۇننى بەرسىمۇ مەن ئۇچۇن ئىلتىپاتدۇر.» ئىككىنچى كىشى بولسا، خۇددى بىر ھەققى باردەك ھەمدە ھەركىم ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىشقا مەجبۇردەك، مەغرۇرلارچە دەيدۇكى: «ماڭا ئەڭ يۇقۇرى تۆرنى بېرىشى كېرەك» ۋە ئۇ خىرس بىلەن كىرىدۇ ـ دە، كۆزىنى يۇقۇرى ئورۇنلارغا تىكىپ، ئۇ تەرەپلەرگە مېڭىشقا ئىنتىلىدۇ. لېكىن ساراي خوجايىنى ئۇنى ئارقىسىغا ياندۇرۇپ، تۆۋەن تەرەپتە ئولتۇرغۇزىدۇ.

شۇنىڭغا بولسىمۇ تەشەككۇر قىلىش كېرەك تۇرسا، تەشەككۇرنىڭ ئورنىغا قەلبىدىن ئاچچىقلىنىدۇ. تەشەككۇر ئەمەس، ئەكسىچە ساراي خوجايىنىنى تەنقىت قىلىدۇ. خوجايىنمۇ ئۇنى پەس ھالدا كۆرىدۇ. بىرىنچى كىشى بولسا، كەمتەرلەرچە كىرىپ، ئەڭ تۆۋەن تەرەپتىكى ئورۇندا ئولتۇرۇشنى خالايدۇ. ئۇنىڭ ئۇ قانائەتچانلىقى، ساراي خوجايىنىنىڭ كۆڭلىگە ياقىدۇ ـ دە، «يۇقىرى ئورۇنلارغا ئۆتۈپ كېتىڭ» دەيدۇ. ئۇمۇ يۇقىرى چىققانسېرى تەشەككۇرلىرىنى زىيادىلەشتۈرىدۇ، رازىمەنلىكى ئارتىدۇ.

دۇنيامۇ چەكسىز شەپقەتلىك بولغان ئاللاھنىڭ بىر سارىيىدۇر. زېمىن يۈزى رەھمەت داستىخىنى، رىزىق دەرىجىلىرى ۋە نىمەت مەرتىبىلىرى بولسا، مىسالدىكى ئورۇن

دەرىجىلىرىدۇر.

شۇنداقلا ئەڭ كىچىك ئىشلاردىمۇ ھەركىم خىرسىنىڭ يامان تەسىرىنى ھېس قىلالايدۇ. مەسىلەن، ئىككى تىلەمچى بىر نەرسە تىلىگىنىدە ، خىرس بىلەن يېپىشقۇالغان تىلەمچىدىن قېچىپ بەرمەسلىكنى ، ياۋاش تىلەمچىگە مەرھەمەت قىلىپ بېرىشنى ھەركىم قەلبىدىن توغرا تاپىدۇ. يەنە مەسىلەن، كېچىدە ئۇيقۇڭ قاچقان ... سەن يېتىشنى خالىغىنىڭدا ، ئۇ ھەقتە ئويلانمىساڭ ، ئۇيقۇڭ كېلىشى مۇمكىن. ئەگەر خىرس بىلەن ئۇيقۇ خالاپ ، «ئۇخلىسام بولاتتى، ئۇخلىسام بولاتتى» دىگەنسىرى تامامەن ئۇيقۇڭنى قاچۇرىسەن. يەنە بىر مىسال: مۇھىم بىر نەتىجە ئۇچۇن بىرسىنى خىرس بىلەن كۇتكىنىڭدە «ئەجەپ كەلمىدى ، كەلسە بولاتتى» دەپ تىت - تىت بولۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا خىرس سېنىڭ

سەبرىڭنى تۈگىتىدۇ ـ دە ، تۇرۇپ كېتىپ قالىسەن. بىر مىنۇتتىن كېيىن ئۇ كىشى كېلىدۇ. بىراق، كۈتۈلگەن ئۇ مۇھىم نەتىجەڭ بۇزۇلىدۇ.

شۇ ھادىسىلەرنىڭ سىرى شۇدۇركى ، بىر نانىنىڭ ۋۇجۇتقا چىقىشى ، ئېتىز، خارمان، تۈگمەن، شاماللارنى تەرتىپ بىلەن كېرەك قىلغىنىدەك، نەرسىلەرنىڭ تەرتىپىدىمۇ ، بىر پايدىنى كۆزدە تۇتقان ئاساستا، ئاستا ـ ئاستا بولىدىغان ھېكمەت باردۇر. خىرس سەۋەبى بىلەن ئالدىرىماستىن ھېكمەتلىك ھالدا ھەرىكەت قىلماسلىقىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ تەرتىپلىك نەرسىلەردىكى مەنىۋى پەشتاقلارغا رىئايە قىلماي، يا سەكرەپ يىقىلىدۇ، ياكى بىر پەشتاقنى كەم دەسسەپ مەقسەتكە يېتەلمەيدۇ.

ئەي تىرىكچىلىك دەردى بىلەن ئەخمەقلەشكەن ۋە دۇنياغا خىرس قىلىش بىلەن مەست بولغان

قېرىنداشلار! خىرىس شۇنچە زىيانلىق ۋە بالالىق نەرسە تۇرسا، نىمە ئۈچۈن خىرىس يولىدا ھەر زىللەتكە كىرىشىپ، ھارام - ھالال دىمەستىن ھەر مالنى قوبۇل قىلىپ ئاخىرەتلىك ھاياتقا لازىم بولغان كۆپلىگەن نەرسىلەرنى پىدا قىلىسىلەر؟ ھەتتا ئىمان ئاساسلىرىنىڭ مۇھىم بىر ئاساسى بولغان زاكاتنى خىرىس يولىدا تەرك قىلىسىلەر؟

ھالبۇكى، زاكات ھەر كىم ئۈچۈن، بەرىكەت تېپىشقا ۋە بالالاردىن قۇتۇلۇشقا سەۋەپتۇر. زاكاتنى بەرمىگەنىنىڭ قولىدىن ئەلۋەتتە زاكاتچىلىك بىر مال چىقىدۇ، يا كېرەكسىز يەرلەرگە بېرىدۇ، يا بىر بالا - قازا كېلىپ چىقىدۇ.

ھەققەتلىك بىر خىيالى چۈشتە، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ بەشىنچى يىلىدا بىر ئاجايىپ چۈشتە مەندىن سورالدى:

- «مۇسۇلمانلارغا كەلگەن بۇ ئاچارچىلىق ، بۇ ئىقتىسادى چىقىملار ، بەدەن قىيىنچىلىقلىرى نىمە سەۋەپتىن ؟» .

- «ئاللاھ بىر قىسىم مالدىن ئوندا بىرىنى* ۋە بىر قىسىم مالدىن قىرىقتا بىرىنى** ، بىزنى يىقىرلارنىڭ دۇئالىرىغا ئىگە قىلىش ۋە بىزگە ئۇلارنىڭ ئاداۋەت ، ھەسەتلىرى بولماسلىقى ئۈچۈن ، ئۆزى بەرگەن ماللاردىن بىر ئۈلۈش مال خالىدى. بىز خىرسىمىز بىلەن، تاماخورلۇق قىلىپ بەرمىدۇق. ئاللاھ يىغىلىپ قالغان زاكاتلارنى قىرىقتا ئوتتۇز، ئوندا سەككىز قىلىپ ئالدى. ھەمدە ھەر يىلنىڭ بىر ئايىدا يەتمىش

*ھەر يىللىق بۇغداي ھۇسۇلىدىن ئوندا بىر.

**ھەر يىللىق تىجارەت پايدىسىدىن ۋە ياكى قويدىن ھەر يىلى قىرىقتا بىر.

پايدىسى بولغان بىر ئاچلىقنى بىزدىن خالىدى. بىز نەفسىمىزگە ئىچىمىز ئاغرىپ، ۋاقىتلىق ۋە لەززەتلىك بىر ئاچلىقنى تارتىمىدۇق. ئاللاھ جازالاپ 70 جەھەتتە بالاسى بولغان بىر خىل روزىنى بەش يىل بىزگە مەجبۇر تۇتقۇزدى... شۇنداقلا يىگىرمە تۆت سائەتتە پەقەت بىر سائەتنى لەززەتلىك، ئالى، نۇرانى ۋە پايدىلىق بولغان بىر خىل خىزمەتكە سەرپ قىلىشىمىزنى خالىدى. بىز ھورۇنلۇق قىلىپ، ئۇ ناماز ۋە دۇئانى ئورۇنلىمىدۇق. ئۇ بىر سائەتنى باشقا سائەتلەرگە قوشۇپ زايا قىلدۇق. ئاللاھ ئۇنىڭ كەففارىتى قىلىپ بەش يىل ھەربى خىزمەتتە يۇگۈرتىپ بىزگە بىر خىل ناماز ئوقۇتتۇردى» دىگەنىدىم.

كېيىن ئويغۇنۇپ، ئويلاندىم ۋە چۈشەندىمكى: ئۇ خىيالى چۈشتە ناھايىتى مۇھىم

بىر ھەقىقەت بار. يىگىرمە بەشىنچى سۆزدە مەدىنىيەت بىلەن قۇرئان ھۆكمىنى سېلىشتۇرۇپ ئىسپات ۋە بايان قىلغىنىمىزدەك، ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائى ھاياتىدا بارلىق ئەخلاقسىزلىقلارنىڭ ۋە بارلىق ئىسيانلارنىڭ مەنبىئى ئىككى سۆزدۇر.

بىرسى، مەن توق بولسام، باشقىسى ئاچلىقتىن ئۆلسە، مېنىڭ نېمە كارىم.

ئىككىنچىسى، سەن ئىشلە، مەن يەي.

بۇ ئىككى سۆزنى كەلتۈرۈپ چىقارغانمۇ، پىرسەنت ئېلىش ۋە زاكاتنى تەرك قىلىشتۇر. بۇ ئىككى قورقۇنچلۇق ئىجتىمائى كېسەلنى ساقايتىدىغان بىردىنبىر چارە، زاكاتنىڭ بىر ئومۇمى دەستۇر سۈپىتىدە ئىجرا قىلىنىشى ئارقىلىق زاكات بېرىش ۋە پىرسەنت چەكلەشتۇر.

پەقەت شەخسلەردە ۋە خۇسۇسى جامائەتلەردە ئەمەس، بەلكى ئۇمۇم ئىنسانىيەتنىڭ سائادىتى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بىر ئاساس، بەلكى ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ داۋاملىشىشىدا ئەڭ مۇھىم بىر تۈۋرۈك - زاكاتتۇر. چۈنكى ئىنسانىيەتتە باي ۋە كەمبەغەللەردىن ئىبارەت ئىككى تەبىقە بار. بايلاردىن كەمبەغەللەرگە مەرھەممەت ۋە ئېھسان، كەمبەغەللەردىن بايلارغا قارشى ھۆرمەت ۋە ئىتائەتنى تەمىنلىگەن نەرسە- زاكاتتۇر. بولمىسا يۇقۇرىدىن كەمبەغەللەرنىڭ بېشىغا زۇلۇم ۋە ھۆكۈمرانلىق چۈشىدۇ. كەمبەغەللەردىن بايلارغا قارشى ئاداۋەت ۋە ئىسيان چىقىدۇ. بۇ ئىككى تەبىقە داۋاملىق بىر مەنىۋى كۈرەشتە ۋە بىر ئىنقىلاپ قالايمىقانچىلىغىدا بولۇپ كىتىۋېرىدۇ. ئاقىۋەت روسىيەدە بولغىنىدەك، ئەمگەك ۋە سەرمايە كۈرىشى شەكلىدە

سوقۇشۇشقا باشلايدۇ.
ئەي مەرتلەر ۋە ۋىجدانلىقلار ! ۋە ئەي ساخاۋەتچىلەر ۋە ئىخسانچىلار ! ئىھسانلار زاكات نامىغا بولمىسا ئۈچ زىيىنى بار ۋە بەزىدە پايدىسىز كىتىدۇ. چۈنكى ئاللاھ نامىغا بەرمىگەنلىگىنىڭ ئۈچۈن ، مەنىۋى جەھەتتە مىننەت قىلىسەن. بىچارە كەمبەغەلنى مىننەت ئاسارىتى ئاستىغا ئېلىپ قويىسەن ۋە مەقبۇل بولغان دۇئاسىدىن مەھرۇم قالىسەن. ھەمدە ھەقىقەتتە ئاللاھنىڭ مىلىنى ئۇنىڭ قۇللىرىغا بېرىش ئۈچۈن بىر تارقىتىش خىزمەتكارى بولساڭمۇ ، ئۆزۈڭنى مال ئىگىسى دەپ ئويلاپ نىمەتلەرگە تۇزكورلۇق قىلىسەن. ئەگەر زاكات نامىغا بەرسەڭ ئاللاھ نامىغا بەرگەنلىكىڭ ئۈچۈن بىر ساۋاپ تاپىسەن، نىمەتلەرگە شۈكۈر قىلغان بولىسەن. ئۇ مۇھتاج كىشىمۇ ساڭا

خوشامەتكويلۇق قىلىشقا مەجبۇر بولمىغانلىقى ئۈچۈن، نەفسىنىڭ ئىززىتى سۇنماي دۇئاسى سەن ئۈچۈن مەقبۇل بولىدۇ. شۇنداق ، زاكاتچىلىك ، بەلكى تېخىمۇ كۆپرەك بولغان نەپلە ۋە ئېھسانىنى ھىلىقى شەكىلدە بېرىپ رىيا ۋە شۆھرەتتەك ، مىننەت ۋە ھاقارەتچىلىكتەك زىيانلارغا ئېرىشىپ قىلىش قەيەردە؟ زاكات نامىغا ئۇ ياخشىلىقلارنى قىلىپ ، ھەم پەرزنى ئادا قىلىش ، ھەم ساۋاپىنى ، ھەم ئىخلاسىنى ، ھەم مەقبۇل بىر دۇئانى قولغا چۈشۈرۈش قەيەردە؟

﴿سبحانك لا علم لنا الا ما علمتنا انك انت العليم الحكيم﴾

اللهم صل على سيدنا محمد الذي قال: (المؤمن للمؤمن كالبنيان يشد بعضه بعضا) وقال: (القناعة كنز لا يفنى) وعلى آله وصحبه أجمعين.. آمين والحمد لله رب العالمين.

# خاتىمە

## غەيۋەت ھەققىدە

باسمه سبحانه

﴿وَاِنْ مِنْ شَيْءٍ اِلاَّ يُسَبِّحُ بِحَمْدِهِ﴾

يىگىرمە بەشىنچى سۆزنىڭ بىرىنچى شولىسىنىڭ بىرىنچى شۇئاسىنىڭ بەشىنچى نۇقتىسىدا «ئەيىپلەش ۋە چەكلەش» تىمىسىغا كەلتۈرۈلگەن مىساللاردىن بولغان بىرلا ئايەتنىڭ

مۆجىزىلىك تۈردە ئالتە شەكىلدە غەيۋەتتىن

نەپرەت قىلدۇرىشى ، قۇرئان نۇقتىنەزىرىدە

غەيۋەتنىڭ قانچىلىك يىرگىنچلىك نەرسە

ئىكەنلىگىنى تامامەن كۆرسەتكەنلىكىدىن باشقا

بايانغا ئىھتىياج قالمىغاندۇر . شۇنداق، قۇرئان

بايانىدىن كىيىن بايان بولالماس، ئىھتىياجمۇ

يوقتۇر .

يەنى

﴿أَيُحِبُّ أَحَدُكُمْ أَنْ يَأْكُلَ لَحْمَ أَخِيهِ مَيْتًا فَكَرِهْتُمُوهُ﴾

(الحجرات: ١٢)

ئالتە قىتىم ئەيىپىنى ئەيىپلەيدۇ . غەيۋەتتىن

ئالتە جەھەتتىن قاتتىق چەكلەيدۇ . شۇ ئايەت

غەيۋەتچىلەرگە يۈزلەنگەن ۋاقىت، مەنىسى

تۆۋەندىكىدەك شەكىلدە بولىدۇ .

مەلۇمدۇركى، ئايەتنىڭ بىشىدا كەلگەن

ھەمزە، سوراش (مەسلىبەن، ئەجىبا

دىگەندەك) مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ سۈراش مەنىسى سۆزگە ئوخشاش ئايەتنىڭ بارلىق سۆزلىرىگە كىرىدۇ. ھەر سۆزدە بىر يوشۇرۇن ھۆكۈم بار.

بىرىنچى: ھەمزە بىلەن دەيدۇ: ئەجىبا سۇئال ۋە جاۋاپ يېرى بولغان ئەقىللىرىڭلار يوقمۇكى، شۇنچە يىرگىنچلىك بىر نەرسىنى چۈشىنەلمەيدۇ؟

ئىككىنچى:

يُحِبُّ

سۆزى بىلەن دەيدۇ: «سۆيۈش ۋە نەپرەت قىلىش يېرى بولغان قەلبىڭلار بۇزۇلغانمۇكى، ئەڭ نەپرەتلىك بىر ئىشنى ياخشى كۆرىدۇ؟

ئۈچىنچى:

أَحَدُكُمْ

سۆزى بىلەن دەيدۇ: جامائەتتىن ھاياتىنى ئالغان ئىجتىمائى ۋە مەدىنى ھاياتىڭلار نىمە بولغانكى، ھاياتىڭلارنى مۇنداق زەھەرلىگەن بىر ئىشنى قوبۇل قىلىدۇ؟

تۆتىنچى:

أَنْ يَأْكُلَ لَحْمَ

سۆزى بىلەن دەيدۇ: ئىنسانىيىتىڭلار نىمە بولغانكى، يىرتقۇچلاردەك قېرىندىشىڭلارنى چىش بىلەن پارچىلايسىلەر؟

بەشىنچى:

أَخِيهِ

سۆزى بىلەن دەيدۇ: شەپقەت كۆرستىش ۋە ئەپۇ قىلىش ھىسى سىلەردە ھىچ يوقمۇكى، مۇنداق كۆپ جەھەتلەردە قېرىندىشىڭلار بولغان بىر مەزلۇمنىڭ

مەنىۋى شەخسىنى ئىنساپسىزلارچە چىشلەۋاتىسلەر؟ ۋە ھېچ ئەقلىگلار يوقمۇكى، ئۆز ئەزالىرىگلارنى ئۆز چىشىگلار بىلەن ئەخمەقلەرچە چىشلەۋاتىسلەر؟

ئالتىنچى،

مىثال

سۆزى بىلەن دەيدۇ: ۋىجدانىگلار قەيەردە؟ تەبىئىتىگلار بۇزۇلغانمۇكى، يارىتىلىشىگلار ئەڭ مۇھتەرەم بىر ھالدا بولسىمۇ، بىر قېرىندىشىگلارغا قارشى گۆشىنى يېيىشكە ئوخشاش ئەڭ يىرگىنچلىك بىر ئىشنى قىلىۋاتىسلەر؟

دىمەك، شۇ ئايەتىنىڭ ئىپادە قىلىشى ۋە سۆزلىرىنىڭ ئايرىم .. ئايرىم كۆرسىتىشى بىلەن چۈشىنىلىدۇكى، ئەيىپلەش ۋە

غەيۋەت قىلىش، ئەقلى جەھەتتىن، قەلبى جەھەتتىن، ئىنسانى جەھەتتىن، ۋىجدانى جەھەتتىن، يارىتىلىش جەھەتتىن، مىللى جەھەتتىن خاتادۇر.

مانا شۇ ئايەتنىڭ بالاغەتلىك تۇردە ئالتە جەھەتتىن ئەيىپنى ئەيىپلەش ئارقىلىق، مۆجىزىلىك تۇردە ئالتە قىتىم ئۇ گۇناھتىن چەكلىگىنىگە قارا!

غەيۋەت ئاداۋەتچىلەر، ھەسەتخورلار ۋە جاھىللار ئەڭ كۆپ ئىستىمال قىلىدىغان پەس بىر قورالدۇر. ئىززەت ئىگىسى بۇ پاسكىنا قورالنى پەسلىك قىلىپ ئىستىمال قىلمايدۇ. مەشھۇر بىر زات دىگەنكەن.

أُكَبِّرُ نَفْسِى عَنْ جَزَآءٍ بِغِيبَةٍ

فَكُلُّ اغْتِيَابٍ جَهْدُ مَنْ لا لَهُ جَهْدٌ

يەنى : «دۈشمىنىمگە غەيۋەت بىلەن جازا بېرىشتىن نەفسىمنى ئۇستۇن تۇتىمەن. ئۇ پەسلىككە ئىگىلمەيمەن. چۈنكى غەيۋەت، ئاجىز، پەس، تۆۋەنلەرنىڭ قورالىدۇر.»

غەيۋەت بۇدۇركى، غەيۋەت قىلىنغان كىشى قىشىدا بولغان بولسا ۋە ئاڭلىغان بولسا يىرگىنىپ ئاچچىقلىناتتى. ئەگەر توغرا دېگەن بولسا، ئۇچۇقلا غەيۋەتتۇر. ئەگەر يالغان دېگەن بولسا ھەم غەيۋەت ، ھەم تۆھمەتتۇر. ئىككى ھەسسە يىرگىنچلىك بىر گۇناھتۇر.

غەيۋەت مەخسۇس بىر قانچە يەرلەردە رۇخسەت قىلىنىشى مۇمكىن.

بىرى ، شىكايەت سۈرىتىدە، ئۇ يىرگىنچلىك ئىشنى ۋە قۇسۇرنى ئۈنىڭدىن يوقىتىش ۋە ئۈنىڭدىن ھەققىنى ئېلىش ئۈچۈن ، بىر

ۋەزىپىدار كىشىگە ئېيتسا.

يەنە بىرى، بىر كىشى ئۆزىنىڭ بىلەن شېرىكلىشىشنى خالاپ، سەن بىلەن مەسلىھەتلىشىدۇ. سەنمۇ پەقەتلا مەسلىھەت ئۈچۈن غەرەزسىز ھالدا مەسلىھەتنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، «ئۆزىنىڭ بىلەن شېرىكلەشمە، چۈنكى زىيان كۆرىسەن» دېسەڭ. بىرسى، مەقسىدى ھاقارەت ۋە پاش قىلىش ئەمەس، بەلكى مەقسىدى تەرىپلەش ۋە تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن، مەسىلەن «ئۇ تو كۇر كىشى پالانچى يەرگە كەتتى» دېيىلسە.

يەنە بىرسى، ئۇ غەيۋىتى قىلىنغان كىشى ئاشكارە بىر فاسىق بولسا، يەنى يامان ئىشلاردىن خىجىل بولماس، بەلكى قىلغان گۇناھلىرى بىلەن ماختانغان، زۇلۇم قىلىش بىلەن لەززەتلەنگەن كىشى بولۇپ، تارتىنماستىن ئاشكارە بىر

سۈرەتتە بۇ ئىشلارنى قىلسا.

مانا بۇ مەزكۇر يەرلەردە غەرەزسىز ھەمدە پەقەت ھەق ۋە مەسلىھەت ئۈچۈن غەيۋەتكە رۇخسەت بولىشى مۇمكىن. بولمىسا، ئوت ئوتوننى يەپ تۈگەتكىنىدەك، غەيۋەتمۇ سالىھ ئەمەللەرنى يەپ تۈگىتىدۇ.

ئەگەر غەيۋەت قىلغان ياكى ئاتايىن ئاڭلىغان بولسا

اللَّهُمَّ اغفِرْ لَنَا ولِمَن اغْتَبْنَاهُ

دىيىش كېرەك. كىيىن غەيۋىتى قىلىنغان كىشى بىلەن كۆرۈشكەندە «مېنى كەچۈر» دىيىش كېرەك.

الْباقى هُوَ الْباقى

سەئىد نۇرسى

## بۇ پارچە ناھايىتى مۇھىمدۇر

ئاللاھ چەكسىز كەرەمدىن* ، پەۋقۇلئادە مەرھەمەتتىن ۋە ئىنتايىن ئادالەتپەرۋەرلىكتىن ياخشىلىق ئىچىدە مۇئەججەل** بىر مۇكاپات ، يامانلىقلار ئىچىدە مۇئەججەل بىر جازا قويغان . ياخشى ئەمەللەردە ئاخىرەتنىڭ ساۋاپلىرىنى

---

*كەرەم : ئېھسان، ئىلتىپات.

**مۇئەججەل : دەرھال، مۆھلەتسىز، ئارقىدىنلا.

خاتىرلىتىدىغان مەنىۋى لەززەتلەر ،

گۇناھلارنىڭ ئىچىدە ئاخىرەتنىڭ ئازابىنى ھېس قىلدۇرىدىغان مەنىۋى جازالار قويىغان.

مەسىلەن:

مۆئمىنلەر ئارا مۇھەببەت ، ئەھلى ئىمان ئۈچۈن ياخشى بىر ئەمەلدۇر. ئۇ ئەمەلنىڭ ئىچىدە ئاخىرەتنىڭ ماددى ساۋابىنى خاتىرلىتىدىغان مەنىۋى بىر لەززەت ، بىر ھۇزۇر، بىر خوشاللىق قويىغان. ھەر كىم قەلبىنى تىڭشاپ كۆرسە بۇ ھۇزۇرنى ھېس قىلىدۇ.

مەسىلەن، مۆئمىنلەر ئارا خۇسۇمەت ۋە ئاداۋەت بىر گۇناھتۇر. ئۇ گۇناھ ئىچىدە قەلب ۋە رۇھنى قىيناپ بوغىدىغان بىر ۋىجدانى ئازابنى ئالى جاناپ رۇھلارغا ھېس قىلدۇرىدۇ. مەن ئۆزۈم بەلكى يۈز قېتىمدىن ئارتۇق تەجرىبىدىن

ئۆتكۈزدۈمكى، بىر مۆئمىن قېرىنداشقا ئاداۋەت قىلغان ۋاقىتتا ، ئۇ ئاداۋەتتىن ئاجايىپ ئازاپ چېكەتتىم. شۈبھىسىزكى، بۇ قۇسۇرۇم ئۈچۈن مۇئەججەل بىرىلگەن بىر جازا ئىدى، تارتقۇزىلاتتى.

مەسىلەن، ھۆرمەتكە لايىق زاتلارغا ھۆرمەت، مەرھەمەتكە لايىل بولغانلارغا مەرھەمەت ۋە خىزمەت بىر ساۋاپلىق ئىش ۋە ياخشىلىقتۇر. بۇ ياخشىلىقتا ئاخىرەتلىك ساۋاپنى ھىس قىلدۇرىدىغان دەرىجىدە شۇنداق بىر لەززەت باركى، ئۇ ھۆرمەت ۋە مەرھەمەت، ھاياتىنى قۇربان قىلىش دەرىجىسىگە چىقىدۇ. ئانا، بالىسىغا بولغان مەرھەمەتتىكى شەپقەت سەۋەبى بىلەن ئىگە بولغان لەززەت ۋە مۇكاپات ئۈچۈن ، ھاياتىنى ئۇ مەرھەمەت يولىدا پىدا قىلىدىغان

دەرىجىگە يېتىدۇ. چۈجىسىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن شىرغا ئېتىلغان بىر توخۇ ھايۋانات تائىپەسىدە بۇ ھەقىقەتكە بىر مىسالدۇر. دىمەك مەرھەمەت ۋە ھۆرمەتتە مۇئەججەل بىر مۇكاپات بار. ئالى جاناپ ئىنسانلار ئۇلارنى ھىس قىلىدۇكى، قەھرىمانلارچە بىر ھالەت كۆرسىتىشىدۇ.

ھەم مەسىلەن، غۇرۇر ۋە تەكەببۇرلۇقتا شۇنداق بىر ئېغىر يۈك باركى، مەغرۇر كىشى ھەر كىمدىن ھۆرمەت خالايدۇ ۋە ئۇ خالاش سەۋەبى بىلەن ئەكسىچە قارشىلىق كۆرگەنلىكىدىن دائىم ئازاپ تارتىدۇ. شۇنداق، ھۆرمەت بېرىلىدۇ، لېكىن تەلەپ قىلىنماس.

مەسىلەن، كەمتەرلىكتە ۋە مەنمەنچىلىكنى تاشلاشتا شۇنداق بىر

لەززەتلىك مۇكاپات بار كى، كىشىنى ئىبغىر بىر يۈكتىن ۋە سوغوق مۇئامىلىلەردىن قۇتقۇزىدۇ. مەسىلەن، سۇئى زان* ۋە سۇئى تەۋىلدە** بۇ دۇنيادا مۇئەججەل بىر جازا بار. «مەن داققا دۇققا» (ئىشىك قاققانىنىڭ ئىشكى قېقىلىدۇ) قائىدىسى بويىچە سۇئى زان قىلغان، سۇئى زانغا دۇچار بولىدۇ. مۆئمىن قېرىندىشىنىڭ ھەرىكىتىنى سۇئى تەۋىل قىلغانلارنىڭ ھەرىكىتى يىقىن بىر زامان ئىچىدە سۇئى تەۋىل قىلىنىپ جازاسىنى تارتىدۇ. ۋاھاكازا...

---

*سۇئى زان : بىرىنى ۋە قىلغان ھەرىكەتلىرىنى يامان دەپ بىلىش.

**سۇئى تەۋىل : بىرىنىڭ قىلغان ئىشىنى يامان تەرەپكە ئۆزگەرتىپ ئېيتىش.

بارلىق ياخشى ۋە يامان ئەخلاقلار بۇ سىلىشتۇرمىغا ئاساسەن ئۆلچىنىشى كېرەك. مەن ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىت قىلىمەنكى، بۇ زاماندا رىسالەئى نۇردا كۆرۈنگەن قۇرئاننىڭ مەنىۋى مۆجىزىلىرىنى سەزگەن زاتلار ، بۇ مەنىۋى ھىسلەرنىمۇ سىزىشىدۇ. يامان ئەخلاقلارغا مۇپتىلا بولمايدۇ. ئىنشائاللاھ.

* * * *

ئۈچىنچى نۇقتا. ئىنساننىڭ ئىجتىمائى
ھاياتىنى بۇزغان شەيتاننىڭ بىر ھىلە-
مىكرى شۇدۇركى، بىر مۆئمىننىڭ بىر
گۇناھى بىلەن بارلىق ياخشى ئەمەللىرىنى
ياپىدۇ. شەيتاننىڭ بۇ ھىلە-مىكرىنى
ئاڭلىغان ئىنساپسىزلار مۆئمىنگە ئاداۋەت
قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئاللاھ ھاشىردە* چەكسىز
ئادالەتپەرۋەرلىگى بىلەن چوڭ تارازىدا
ئەمەللەرنى تارتقان ۋاقىتتا ياخشى
ئەمەللىرىنىڭ گۇناھلىرىغا نىسبەتەن ئۈستۈن
ياكى تۆۋەن كىلىشى نۇقتىسىدىن ھۆكۈم
قىلىدۇ. ھەمدە گۇناھلارنىڭ سەۋەپلىرى
كۆپ، قىلىنىشى ئوڭاي

---

*ھاشىر : قىيامەتتىن كىيىن بارلىق ئىنسانلارنىڭ
تىرىلىپ مەھشەر مەيدانىدا توپلىنىشى.

بولغانلىقتىن ، بەزىدە بىرلا ياخشى ئەمەل بىلەن كۆپلىگەن گۇناھلارنى ياپىدۇ. دىمەك بۇ دۇنيادا ئاللاھنىڭ بۇ ئادالىتى بويىچە مۇئامىلە قىلىش كىرەكتۇر. ئەگەر بىر كىشىنىڭ ياخشىلىقلىرى ، يامانلىقلىرىدىن سان ياكى سۈپەت جەھەتتىن كۆپرەك بولسا ، ئۇ كىشى مۇھەببەتكە ۋە ھۆرمەتكە لايىقتۇر. بەلكى قىممەتلىك بىر ياخشى ئەمەل بىلەن كۆپ يامانلىقلىرىغا كەچۈرۈم بىلەن قاراش كىرەك. ھالبۇكى، ئىنسان يارىتىلىشىدىكى «زۇلۇم» ھىسسىياتى بىلەن شەيتانىنىڭ قۇۋۋەت بىرىشى ئارقىلىق بىر زاتنىڭ يۈز ياخشى ئەمىلىنى بىرلا گۇناھى يۈزىدىن ئۇنتىدۇ. مۆئمىن قىرىندىشىغا ئاداۋەت قىلىپ گۇناھلارغا كىرىدۇ. بىر چىۋىن قانىتى كۆز ئۈستىگە قويۇلسا بىر

تاغنى توسۇۋېلىپ كۆرسەتمىگىنىگە ئوخشاش، ئىنسان غەرەز ھىسسىياتى بىلەن چۈشىن قانتىچىلىك بىر يامان ئەمەل بىلەن تاغدەك ياخشى ئەمەللەرنى توسۇپ ئۆتىدۇ. مۆئمىن قېرىندىشىغا ئاداۋەت قىلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائى ھاياتىدا بۇزغۇنچۇلۇق ئامىلى بولۇپ قالىدۇ.

*　　*　　*

تۆتىنچى كەلىمە: پۈتۈن ھاياتىمدا ئىنسانىيەت ئىجتىمائى ھاياتىدىن قەتئى بىلگەن نەتىجەم ۋە تەتقىقاتلار ماڭا بەرگەن يەكۈن شۇدۇركى، مۇھەببەتكە ئەڭ لايىق نەرسە مۇھەببەتتۇر. خۇسۇمەتكە ئەڭ لايىق سۈپەت خۇسۇمەتتۇر. يەنى، ئىنسانىيەت ئىجتىمائى ھاياتىنى تەمىنلىگەن ۋە سائادەتكە ئۈندىگەن مۇھەببەت ۋە سۆيۈش سۈپىتى، ئەڭ كۆپ سۆيۈلۈشكە ۋە مۇھەببەتكە لايىقتۇر. ئىنسانىيەت ئىجتىمائى ھاياتىنى بۇزغان دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەت، ھەممىدىن كۆپرەك نەپرەتكە، ئاداۋەتكە ۋە ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتىشقا لايىق بولغان يىرگىنچلىك، زىيانلىق سۈپەتتۇر. بۇ ھەقىقەت رىسالەئى نۇرنىڭ

22 ـ مەكتۇپتا ئىزاھلىق ھالدا بايان قىلىنغانلىغىدىن بۇ يەردە قىسقا بىر ئىشارەت قىلىمىز:

خۇسۇمەت ۋە ئاداۋەتنىڭ ۋاقتى تۈگىدى. ئىككى قېتىملىق دۇنيالىق ئۇرۇش ئاداۋەتنىڭ قانچىلىك يامان، بۇزغۇنچى ۋە قورقۇنچلۇق زۇلۇم ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. ئىچىدە ھىچبىر پايدا يوق ئىكەنلىكى كۆرۈندى. ئۇنداقتا دۈشمەنلىرىمىزنىڭ يامان ھەركەتلىرى ـ (تاجاۋۇز بولماسلىق شەرتى بىلەن) ـ ئاداۋىتىمىزنى جەلپ قىلمىسۇن. جەھەننەم ۋە ئاللاھنىڭ ئازابى يېتەر ئۇلارغا ...

بەزىدە ئىنساننىڭ غۇرۇرى ۋە نەفسپەرەستلىگى، ئىدراكسىز ھالدا ئەھلى ئىمانغا قارشى ھەقسىزلەرچە ئاداۋەت

قىلىدۇ. ئۆزىنى ھەقلىق دەپ بىلىدۇ.
ھالبۇكى، بۇ خۇسۇمەت ۋە ئاداۋەت،
ئەھلى ئىمانغا قارشى مۇھەببەتكە سەۋەپ
بولغان ئىمان، ئىسلامىيەت ۋە مىللەتتەك
قۇۋۋەتلىك سەۋەپلەرنى كۆزگە ئىلماسلىق،
قىممەتلىرىنى تۆۋەن چۈشۈرۈشتۇر.
ئاداۋەتنىڭ ئەھمىيەتسىز سەۋەپلىرىنى
مۇھەببەتنىڭ تاغدەك سەۋەپلىرىدىن ئۈستۈن
تۇتۇشتەك بىر ئەخمەقلىقتۇر. مۇھەببەت
ئاداۋەتكە زىت بولغانلىقتىن، نۇر ۋە
قاراڭغۇلۇقتەك ھەقىقى ھالدا
بىرىكىشەلمەيدۇ. قايسىسىنىڭ سەۋەبى
غالىپ بولسا، ئۇ ھەقىقى تۈردە قەلبتە
جايلاشقان بولىدۇ. ئۇنىڭ زىتى ھەقىقى
تۈردە بولمايدۇ. مەسىلەن، مۇھەببەت
ھەقىقى تۈردە بولسا، ئۇ ۋاقىت ئاداۋەت

شەيقەتكە، ئىچ ئاغرىتىشقا ئۆز گىرىدۇ. ئەھلى ئىمانغا قارىتا تۇتىلىدىغان مۇئامىلە بۇدۇر. ئەگەر ئاداۋەت ھەقىقى تۇردە قەلپتە بولسا، مۇھەببەت سۇلھى ۋە ئارىلاشماسلىق ، كۆرىنىشتە دوست بولۇش سۇرىتىگە ئايلىنىدۇ. بۇنداق مۇئامىلە بولسا ، تاجاۋۇز قىلمىغان ئەھلى زالالەتكە (ئاداشقانلارغا) بولىشى مۇمكىن. شۇنداق، مۇھەببەتنىڭ سەۋەپلىرى بولسا، ئىمان، ئىسلامىيەت ، مىللەت ۋە ئىنسانىيەتتەك نۇرانى ، قۇۋۋەتلىك زەنجىرلەر ۋە مەنىۋى قەلئەلەردۇر. ئاداۋەتنىڭ سەۋەپلىرى بولسا، ئەھلى ئىمانغا قارشى كىچىك تاشلاردەك بىر قىسىم خۇسۇسى سەۋەپلەردۇر. ئۇنداقتا بىر مۇسۇلمانغا ھەقىقى تۇردە ئاداۋەت قىلىش، ئۇ تاغدەك مۇھەببەت سەۋەپلىرىنى يوققا

چىقىرىش ھۆكۈمدىكى چوڭ بىر خاتالىقتۇر.

خۇلاسە: مۇھەببەت، قېرىنداشلىق، سۆيۈش ئىسلامىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر، بېغىدۇر. ئاداۋەت قىلغانلار مىجەزى بۇزۇلغان بىر كىچىك بالىغا ئوخشاش بولۇپ، يىغلىغۇسى كېلىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر نەرسە ئىزدەيدۇ. چۈنكى قانچىلىك ئەھمىيەتسىز بىر نەرسە يىغىسىغا باھانە بولىدۇ. ھەمدە ئۇلار ھەر نەرسىنىڭ يامان تەرىپىنى كۆرۈشكە ئامراق بولغان ئىنساپسىز كىشىگە ئوخشاش بولۇپ، سۇئى زان مۇمكىن بولسىلا، ھۆسنى زان*

---

*ھۆسنى زان: بىرىنىڭ ھەرىكىتى ھەققىدە ياخشى پىكىردە بولۇش.

قىلغۇسى كەلمەيدۇ. بىر يامان ئەمەل بىلەن ئون يامان ئەمەلنى ياپىدۇ. بۇنى بولسا ئىسلامىيەت ئەخلاقى بولغان ئىنساپ ۋە ھۆسنى زان رەت قىلىدۇ.

*　　*　　*　　*

## ئېزىز ، سىدىق قېرىنداشلىرىم !

كۆتۈلمەستىن روھۇمغا كەلگەن بىر ئەندىشىنى بايان قىلماقچىمەن.

ئەھلى زالالەت ، رىسالەئى نۇرنىڭ ئالماس قىلىچلىرىغا قارشى كىلەلمىگەنلىگى ئۈچۈن شاگىرتلىرى ئىچىدە تىرىكچىلىك دەردى مەسلىسىنى كۆزدە تۇتۇپ ، ھەمدە باھار پەسلىدىكى غەپلەت ۋاقتىدىن

پايدىلىنىپ تۇرۇپ، شۇنداقلا خارەكتىر ۋە ھىسسىياتلارنىڭ خىلمۇ ـ خىللىغىدىن ئاجىز ھىسسىياتلارنى تېپىپ ، شاگىرتلەر ئىچىدىكى بىرلىكنى ئاجىزلىتىشتا ئۈرۈنىۋاتقانلىقىنى ھىس قىلدىم ۋە چۈشەندىم. دىققەت ! كۆپ دىققەت قىلىڭلار. ئىچىڭلارغا بىر زىدىيەت چۈشمىسۇن. ئىنسان خاتادىن خالى بولالمايدۇ. لېكىن تۆۋبە ئىشىكى ئوچۇقتۇر. نەفس ۋە شەيتان سىلەرنى قېرىندىشىڭلارغا قارشى ئىتراز قىلىشقا ۋە ھەقلىق تۈردە تەنقىت قىلىشقا تۈرتكەن ۋاقىتتا: «بىز مۇنداق كىچىك ھوقۇقىمىزنى ئەمەس، بەلكى ھاياتىمىزنى ، شان ـ شەرەپلىرىمىزنى ۋە دۇنيالىق سائادەتلىرىمىزنى رىسالەئى نۇرنىڭ ئەڭ

قۇۋۋەتلىك بىر بېغى بولغان بىرلىككە پىدا قىلىشقا مەجبۇرمىز. ئۇنىڭ بىزگە ئېرىشتۈرگەن نەتىجە ئېتىبارى بويىچە، مەنمەنلىككە ئائىت ھەر نەرسىنى پىدا قىلىش ۋەزىپىمىزدۇر» دەپ نەفسىڭلارنى ئۇنۇتۇڭلار. تارتىششقا سەۋەپ بولغان بىر مەسىلە بولسا كېڭىشىڭلار. ئۇستىدە بەكمۇ قاتتىق تۇرۇپ كەتمەڭلار. ھەر كىم بىر خارەكتىردە بولمايدۇ. بىر .. بىرىڭلارنىڭ قۇسۇرىنى كۆرمىگەن ئاساستا بىر .. بىرىڭلارغا قاراش ھازىر بەكمۇ مۇھىمدۇر.

بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا بىردىن، بىردىن سالام!

سەئىد نۇرسى

*　　*　　*　　*

(قېرىنداشلىق مەسىلىسى ئۈچۈن بىر دەستۇرنى بايان قىلىمەن، ئۇ دەستۇرنى قەتئىيەن نەزەرگە ئېلىشىڭلار كېرەك.)

هايات بىرلىك ۋە بىرلىشىش نەتىجىسىدۇر. زىچ هالدىكى بىرلىشىش يوقالغان ۋاقىت، مەنىۋى هاياتمۇ يوقىلىدۇ.

﴿تَنَازَعُوا فَتَفْشَلُوا وَتَذْهَبَ رِيحُكُمْ﴾ (الانفال:٤٦)

ئايىتى ئىشارەت قىلغىنىدەك، بىرلىك بۇزۇلسا، جامائەتنىڭ كەيپى قاچىدۇ. بىلىسىلەركى، ئۈچ ئەلىف 1 ئايرىم-ئايرىم يېزىلسا قىممىتى ئۈچتۇر. بىر سىزىق ئۈستىگە بىرلەشتۈرىلىپ يېزىلسا يۈز ئونبىر قىممىتى بولغىنىدەك، سىلەردەك ئۈچ-تۆت هەق خىزمەتكارلىرى ئايرىم-ئايرىم

بولۇپلا، ئورتاق ۋەزىپىسىنى بۆلۈشتۈرۈپ ئۆز ـ ئارا ياردەمدە بولماسلىق شەرتى ئاستىدا ھەرىكەت قىلىشسا قۇۋۋەتلىرى ئۈچ ـ تۆت كىشى قەدەر بولىدۇ. ئەگەر ھەقىقى بىر قېرىنداشلىق بىلەن بىر ـ بىرسىنىڭ پەزىلەتلىرى بىلەن پەخىرلىنىدىغان بىر بىرلىك بىلەن، بىر بىرسىنىڭ ئۆزى سىرى*بولغىدەك دەرىجىدىكى تەفانى بويىچە ھەرىكەت قىلسا، ئۇ تۆت كىشى تۆت يۈز كىشى قۇۋۋىتىدە بولىدۇ.

---

*تەفانى : دوستىنىڭ ياخشى ئەخلاقى بىلەن سۆيۈنۈش، دوستىنىڭ، قېرىندىشىنىڭ پەزىلەت ۋە ھىسسىياتىنى ئۆزىنىڭكىدەك بىلىش.

سىلەر چوڭ ئىسپارتا ئەمەس، بەلكى چوڭ
بىر مەملىكەتنى نۇرلاندۇرىدىغان ئىلىكتىر
ئىستانسىسىنىڭ خىزمەتچىلىرىسىلەر.
ئىستانسى ئۈسكۈنىلەرنىڭ چاقلىرى بىر -
بىرىگە ياردەملىشىشكە مەجبۇردۇر. بىر
- بىرىدىن قىزغىنىش ئەمەس ، ئەكسىچە بىر
- بىرىنىڭ كۆپرەك قۇۋۋىتىدىن مەمنۇن
بولىشىدۇ. ئەمدى بىز ئەقىللىق دەپ بىلگەن
بىر چاق تېخىمۇ قۇۋۋەتلىك بىر چاقنى
كۆرسە مەمنۇن بولىدۇ. چۈنكى ۋەزىپىسىنى
يېنىكلىتىۋاتىدۇ. ھەق ۋە ھەقىقەت ، قۇرئان
ۋە ئىمان خىزمىتى بولغان بىر ئالى خەزىنىنى
مۇرىلىرىدە كۆتۈرگەن زاتلار، قۇۋۋەتلىك
مۇرىلەر ئۇ يۈكنىڭ ئاستىغا كىرسە
پەخىرلىنىپ مىننەتدار بولىشىدۇ ۋە شۈكۈر
قىلىدۇ...

# ئۇستاز بەدىئۇززامان سەئىد نۇرسىنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

بىزلەرنى ۋە پۈتۈن ئالەملەرنى ياراتقان ئاللاھۇ تائالاغا چەكسىز ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىپ ، ئۇنىڭ سۆيۈملۈك رەسۇلى بولغان ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامغا چەكسىز سالاتۇ ـ سالاملارنى تەغدىم قىلىمىز. بەدىئۇززامان سەئىد نۇرسى ھەزرەتلىرى 1873 . يىلى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى بىتلىس ۋىلايىتى ، ھىزان رايونى ، ئىسپارىت ناھىيىسىنىڭ نۇرس يېزىسىدا دۇنياغا كەلدى.

دادىسىنىڭ ئىسمى مىرزا ئەفەندى، ئانىسىنىڭ ئىسمى نۇرىيە خانىم ئىدى. بەدىئۇززامان 9 يېشىدا قەدەر مۇبارەك ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەلىم ـ

تەربىيىسىدە بولدى. ھاياتى بويىچە «ئۇرۇق» ھۆكمىدىكى ئەڭ ئاساسلىق دەرسلەرنى ئاتا ئۇچىغىدا ئالدى. بۇ ئارىدا ئىچىدىكى ئىلىم ۋە ئۆگىنىش ئىشقى بىلەن «تاغ كۆيى» مەدرىسىگە ، ھىزان شەيخىنىڭ ئىگىزلىكىگە ۋە نۇرشىنىغا بارغان بولسىمۇ، ئۇ يەرلەردە بەزى سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن كۆپ تۇرالماي ئۆيىگە قايتتى. مۇبارەك بىر كېچىدە چۈشىدە رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنى كۆردى. ئىلىم بېرىشىنى سورىغاندا، «ئۇممىتىمدىن سۇئال سورىماسلىق شەرتى بىلەن، ساڭا قۇرئان ئىلمى بېرىلىدۇ. » دېگەن خوشخەۋەرنى ئالدۇ.

ئاتا - ئانىسىنىڭ رۇخستى بىلەن ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن، ئارۋاس، ۋاستان ۋە دوغۇبىياز شەھەرلىرىگە باردۇ. شەيخ مۇھەممەد جەلالى ھەزرەتلىرىنىڭ مەدرىسىدە ئۈچ ئاي تۇرۇپ، 20

يىلدا تەھسىل قىلىنىدىغان ئىلىم ۋە پەنلەرنى ئۆگىتىدۇ. 80 كىتاپ تېكىستىنى يادلايدۇ. كېيىن ھەر قايسى يەرلەردىكى شەيىخ مەھمەد ئەمىن ئەفەندى، ئاكىسى موللا ئابدۇللاھ ۋە موللا فەتھۇللاھ ئەفەندىلەرنىڭ يانلىرىغا بېرىپ، ئۇلار ئالغان سىناقلارغا مۇكەممەل جاۋاپ بېرىدۇ. تۆت جىلدلىق «جەمئۇل جەۋامى» كىتاۋىنى بىر ھەپتىدە يادلاپ بولىدۇ. ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ئىختىدارى بىلەن ئۇستازلىرىنى ھەيران قالدۇرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تەغدىرلەشلىرىگە ئېرىشىدۇ. كېيىن مىران قەبىلىسى رەئىسى مۇستافا پاشانىڭ تەكلىۋى بىلەن ، جىزرە ئالىملىرىنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا مۇكەممەل جاۋاپ بېرىپ ئۇلارنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدۇ.

ماردىن ۋە بىتلىس ۋىلايەتلىرىدە باشلىقلارنىڭ ئىسلامىيەتسىز ھۆكۈمەت باشقۇرۇۋاتقانلىقلىرىنى

قاتتىق تەنقىت قىلدۇ ۋە بۇ مۇناسىۋەت بىلەن قىسقا مۇددەت بىتلىسكە سۈرگۈن قىلىندۇ. كىيىن ھەسەن پاشا ۋە تاھىر پاشالارنىڭ تەكلىۋى بىلەن ۋانغا بىرىپ، تارىخ، جۇغراپىيە، ماتىماتىكا، بىئولوگىيە، فىزىكا، خىمىيە ۋە ئاسترونومىيەدەك ئىلىملەرنى ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۆگىنىپ ، كەسىپ ئەھلىلىرى بىلەن مۇنازىرە قىلىشىدۇ. بۇ يەردە ئۇنىڭغا تاھىر پاشا گىزىتتىكى چوڭ بىر خەۋەرنى كۆرسىتىدۇ. گىزىتتە، ئىنگلىز ۋالىلىرى مەجلىسىدە، مۇستەملىكە نازىرى گلادىستوننىڭ قولىدىكى قۇرئاننى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «بۇ قۇرئان مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدىلا بولىدىكەن، بىز ئۇلارغا ھاكىم بولالمايمىز. بۇ قۇرئانى ئۇلارنىڭ قولىدىن يوقىتىشىمىز كىرەك.» دىگەن سۆزىگە جاۋابەن بەدىئۇززامان غەزەپ بىلەن : «قۇرئاننىڭ

ئۆچمەس ۋە ئۆچۈرۈلمەس بىر مەنىۋى قۇياش ئىكەنلىكىنى مەن پۈتۈن دۇنياغا ئىسپات قىلىمەن ۋە كۆرسىتىمەن.» دەيدۇ.

بەدىئۈززامان ھەزرەتلىرى ۋان ۋە دىياربەكىردە مەدرىسە ئېچىش ئۈچۈن ئىستانبۇلغا كېلىدۇ. ئۇ يەردە تۇرغان ئۆيىنىڭ ئىشىكىدە مۇنۇ خەتلەر بار ئىدى: «بۇ يەردە ھەر تۈرلۈك مۈشكىلات ھەل قىلىنىدۇ، ھەر سوئالغا جاۋاپ بېرىلىدۇ.، بىراق سوئال سورالماس.» ئىستانبۇلدىكى مەشھۇر ئالىملار ۋە تالىپلار تۈركۈم - تۈركۈملەپ كېلىپ تۈرلۈك سوئاللارنى سورىشىدۇ ۋە مۇكەممەل جاۋاپلارنى ئىلىشىدۇ.

1909 - يىلى ئوسمانلى دۆلىتىدىكى مەشھۇر «31 - مارت ھادىسىسى» دە بەدىئۈززامان ھۇرشىد پاشا تەرىپىدىن شەرىئەتنى خالايدىغانلىقىغا قارشى

تەنقىت قىلىنغاندا، ئۇ ھېچ ئىككىلەنمەستىن : « شەرىئەتنىڭ بىر مەسىلىسى ئۈچۈن مىڭ جىنىم بولىسىمۇ پىدا قىلىشقا تەييارمەن. چۈنكى شەرىئەت سائادەت ۋە ئادالەتنىڭ ئاساسى ۋە ھەقىقى پەزىلەتتۇر . » دەيدۇ . قاتتىق مۇنازىرىدىن كېيىن ئاقلاش قارارى بېرىلگەندە، رەھمەتمۇ دېمەستىن : « ياشىسۇن زالىملار ئۈچۈن جەھەننەم! » دەپ چىقىپ كېتىدۇ. ئىستانبۇلدا كۆپ تۇرالمايدۇ. ۋانغا كېتىۋاتقاندا، يولدا تىفلىسكە ئۇچرايدۇ. شەيخ سائىئان دۆڭگە چىقىپ ئەتراپنى كۆزىتىۋاتقاندا، يېنىغا بىر رۇس ساقچىسى كېلىپ سورايدۇ :

س : نېمىگە دىققەت قىلىۋاتىسەن؟

ج : مەدرىسەمنىڭ پىلاننى تۈزىۋاتىمەن.

س : قەيەرلىكسەن؟

ج : بىتلىسلىك.

س : بۇ دىگەن تىفلىس !؟

ج : بىتلىس، تىفلىس بىر - بىرىنىڭ قېرىندىشىدۇر. (ھەقىقەتەن 1995 - يىلى بىتلىس، تىفلىس شەھەرلىك ھۆكۈمەتلىرى بىر - بىرلىرىنى «قېرىنداش شەھەر» دەپ ئىلان قىلدى. 85 يىل بۇرۇن بىرىلگەن خەۋەرنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپات قىلدى.)

س (رۇس ساقچى) : بۇ نىمە دىگىنىڭ؟

ج : ئاسىيادا ئىسلام ئالىمىدە ئۈچ نۇر بىر - بىرى ئارقىسىدىن ھۇجۇمغا ئۆتتىۋاتىدۇ. سىلەردە بىر - بىرى ئۈستىدە ئۈچ زۇلمەت ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. شۇ مۇستەبىتلىك پەردىسى يىرتىلىدۇ، مەنمۇ كىلىپ مەدرىسەمنى ئاچىمەن.

س : ئوھو !... ھەيرانمەن سىنىڭ ئۈمىدىڭگە؟

ج : مەنمۇ ھەيرانمەن سىنىڭ ئەقلىڭگە! بۇ قىش سىنىڭچە داۋام قىلىۋېرەرمۇ؟ ھەر قىشنىڭ بىر

باھارى ، ھەر كىچىنىڭ بىر كۆندۈزى باردۇر.
رۇس ساقچىسى : ئىسلام پارچە ـ پارچە بولدى؟
بەدىئۈززامان : ئوقۇشقا كىتىشتى . مانا ھىندىستان، ئىسلامنىڭ بىر قابىلىيەتلىك بالىسىدۇر ، ئىنگلىز مەكتىۋىدە ئوقۇۋاتىدۇ. مىسىر، ئىسلامنىڭ ئەقىللىق بىر ئەۋلادىدۇر ، ئىنگلىز سىياسى مەكتىۋىدە دەرس ئىلىۋاتىدۇ. كافكاز ۋە تۈركىستان ، ئىسلامنىڭ ئىككى باھادىر ئوغۇللىرىدۇر ، رۇس ھەربى مەكتىۋىدە تەلىم ئىلىۋاتىدۇ، ... شۇ ئىسىل ئەۋلاتلار شاھادەتنامىلىرىنى ئالغاندىن كىيىن ، ھەر بىرى بىر قىتئە بىشىغا ئۆتىدۇ. ئەڭ ئادىل ئاتىلىرى بولغان ئىسلامىيەتنىڭ بايرىغىنى پەزىلەت كائىنىتىدا دولقۇنلىتىپ، ئەزەلى تەقدىر نەزىرىدە ، پەلەككە قارشى ، ئىنسانىيەتتىكى ئەزەلى ھىكمەتنىڭ سىرىنى ئىلان قىلىدۇ.

بەدىئۇززامان ھەزرەتلىرى ۋانغا كەلگەندىن كېيىن، ئەتراپتىكى قەبىلىلەرنى كېزىپ، ھەم دىنىي ھەم پەننىي ئىلىملەر ئوقۇتىدىغان مەدرىسىلەرنىڭ ئېچىلىشىنىڭ زۆرۈرلىگى ھەققىدە دەرسلەر بىرىدۇ، نۇتۇق سۆزلەيدۇ ھەم بۇ مەسىلىلەر توغرىسىدىكى «مۇنازارات» ناملىق كىتاۋىنى نەشر قىلدۇرىدۇ. شامغا بىرىپ، خۇتبە ئوقۇيدۇ. ئىسلام ئالىمى ئىچىدە بولىۋاتقان پالاكەت ۋە ئاسارەتنىڭ كېلىش مەنبىئى ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىلىرىنى خەلققە بىلدۈرىدۇ.

بەدىئۇززامان ھەزرەتلىرى ھۆكۈمەتكە ئىسلام ئالىمىنىڭ مەركىزى بولغان شەرقى ئانادولۇدا ئۇنىۋېرسىتېت قۇرۇشنى تەكلىپ بىرىدۇ. قوبۇل قىلىنىپ پۇل تەسىس قىلىنىدۇ. ۋان كۆلى قىرغىقىدىكى ئارتەمىتتە ئۇل قويۇلىدۇ. بىراق

1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاپ تەشەببۇس جايىدا قالىدۇ . بەدىئۇززامان تالىپلىرىنى قوراللاندۇرۇپ، مىلىس ئالاي قوماندانى بولۇپ ئۇرۇشقا قاتنىشىدۇ . جەڭ مەيدانلىرىدا قۇرئان لافزىنى تەفسىر قىلغان « ئىشارەتۇل ئىجاز » ناملىق ئەسەرنى يازىدۇ . ئۇرۇشتا ناھايىتى باتۇرلۇق كۆرسەتكەن بولىسمۇ ، بەختكە قارشى رۇسلار تەرىپىدىن ئەسىر گە چۈشىدۇ ۋە سىبىرىيەدىكى كوستۇرمىغا ھەيدىلىدۇ . ئۇ يەردىكى ۋاقىتتا بىر كۈنى رۇس ئارمىيەلىرى قوماندانى ئەسىرلەرنى تەكشۈرۈشكە كېلىدۇ . پۈتۈن ئەسىرلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرىدۇ . بەدىئۇززامان تۇرمايدۇ . سەۋەبى سورالغاندا : « مەن بىر مۇسۇلمان ئالىممەن، ئىمانى بار بىرى ئاللاھنى تونىمىغان بىرىدىن ئۈستۈندۈر ، شۇڭا تۇرالمايمەن . » دەيدۇ . بۇ ھاقارەت سەۋەبلىك ھەربى سوتقا

تاپشۇرۇلۇپ ئۆلۈم قارارىنى ئىلان قىلغاندا، بەدىشۈززامان: « بۇلارنىڭ ئۆلۈم قارارى، مىنىڭ ئەبەدى ئالەمگە بولغان ساياھىتىم ئۈچۈن بىر پاسپورتتۇر.» دەيدۇ. ھېچ ئىتىبار بەرمەستىن، ئىككى رەكەت نامازدىن كېيىن ئىتىلىشقا تەييار بولىدىغانلىغىنى دەيدۇ. لېكىن ئويلىمىغان يەردىن ناماز ئاخىرلاشقاندا باش قوماندان كىلىپ كەچۈرۈم سوراپ قارارنى بىكار قىلىدۇ.

ئىككى يىل ئاسارەتتە قالغاندىن كېيىن، يالغۇز، رۇس تىلىنى بىلمەي تۇرۇپ، پىيادە ماڭسا بىر يىللىق مۇساپىنى ئاجايىپ بىر سۈرئەتتە بىر قانچە كۈن ئىچىدە پۈتتۈرۈپ، ۋارشاۋا ۋە ۋىيانا يوللىرى بىلەن ئىستانبۇلغا كىلىدۇ. ئۇرۇش مۇناسىۋىتى بىلەن « غازىلىق » مىدالى بىرىلىدۇ ۋە ئەڭ چوڭ ئىلىم جەمىيىتى بولغان « دارۇل ھىكمەتۇل ئىسلامىيە » گە ئەزا قىلىنىدۇ ھەمدە

پادىشاھ تەرىپىدىن مۇكاپاتلىنىدۇ.

ئىستانبۇلنىڭ ئىنگلىز كۈچلىرى تەرىپىدىن ئىشغاللىغا قارشى ئەڭ شىددەتلىك ۋە ھاقارەتلىك سۆزلەر بىلەن يېزىلغان «خۇتۇۋاتى سىتتە» ناملىق ئەسىرى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ پىلانلىرىنى بىتچىت قىلىۋېتىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۆلۈم قارارى بېرىلگەن بولسىمۇ جانابى ھەق مۇھاپىزە قىلىدۇ.

ئەنقەرە ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ، ئۇنى خىلمۇ ـ خىل مەنسەپلەرگە تەكلىپ قىلغاندا ھېچقايسىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇ ھەدىس ـ شەرىفلەر بىلدۈرگەن ئاخىرقى زاماننىڭ دەھشەتلىك شەخسلىرىنىڭ ئىسلام ئالىمىدە پەيدا بولغانلىقىنى كۆرگەچكە، «ئۇ زامانغا بارغىنىڭىزدا سىياسى يول بىلەن ئۇلاردىن غەلىبە قىلىنماس، پەقەت قۇرئاننىڭ مەنىدار

سۆزلىرىنىڭ مەنىۋى قىلىچلىرى ھۆكمىدىكى قۇرئان نۇرلىرى بىلەن قارشى چىققىلى بولىدۇ . »

دىگەن مەنىۋى ئەمىر بويىچە ، ئۇلار بىلەن بىرلىشەلمەيدىغانلىغىنى بىلدۇرىدۇ . ھۆكۈمەت يەنى ئىسلام دۈشمەنلىرى بەدىئۈززامانىنى « بىشىمىزغا بالا » دەپ، ئۇنى سۆزلەتمەسلىك ، ئىمانى ئەسەرلەرنى يازدۇرماسلىق ، قۇرئانغا خىزمەت قىلدۇرماسلىق ئۈچۈن ھەربىلەر ئارقىلىق ئاۋال بۇردۇرغا، ئىسپارتاغا، ئۇ يەردىن چەت بىر يېزا بولغان بارلاغا سۈرگۈن قىلىندۇ .

بارلا - ئىمان ئەھلىنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن قۇتۇلىشى ئۈچۈن ئىۋەتىلگەن « رىسالەئى نۇر » توپلىمىنىڭ يىزىلىشىغا باشلانغان تۇنجى مەركىزىدۇر . بارلا - ئىسلامىيەت خەلقىنىڭ ، بولۇپمۇ ئانادولۇ خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن بىر زالالەت ۋە دىنسىزلىك جەريانىغا قارشى ،

قۇرئاندىن كەلگەن بىر ھىدايەت نۇرى ، بىر سائادەت قۇياشىنىڭ تۇققان بىر رايونىدۇر. بادىئۇزامان كاپىرلارنىڭ پىلانىنىڭ تامامەن ئەكسىچە ، بىر دەم بوش تۇرماستىن، قۇرئان ۋە ئىمان ھەقىقەتلىرىدىن دەرس بەرگەن « رىسالەئى نۇر » ئەسەرلىرىنى يېزىپ چىقىپ، پەردە ئارقىسىدا نەشر قىلدۇرىدۇ.

1934 ـ يىلى بارلادىن ئىسپارتاغا ، 1935 ـ يىلى 120 تالىپى بىلەن ئەسكىشەھىرگە سۈرگۈن قىلىنىدۇ. 1936 ـ يىلى 27 ـ مارتتا ئەسكىشەھىر تۈرمىسىدىن بوشىتىلىپ ، كاستامونۇدا ساقچى قاراۋۇلخانىسىدا تۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. سەككىز يىل ئېغىر ئىستىبدات ۋە كۆزىتىش ئاستىدا بىر سۈرگۈن ھاياتىنى كەچۈرىدۇ. بىراق قۇرئان خىزمىتىنى مەخپى ھالدا قەتئى داۋام قىلىدۇ.

بەدىئۇززامان ھەزرەتلىرى 1943 ـ يىلى 20 ـ سىنتەبىردە كاستامونۇنى دېڭىزلى ئېغىر جازا سوت مەھكىمىسىگە 126 تالىپى بىلەن بىللە ئەۋەتىلدى. توققۇز ئاي تۈرمىدە ياتقاندىن كېيىن ، 1944 ـ يىلى ئىيۇندا ئاقلاش قارارى بىلەن بوشىتىلدى. بۇ تۈرمىدە ئۇستاز ناھايىتى قىممەتلىك « مىۋە رىسالىسى » ناملىق كىتاۋىنى يازىدۇ. تۈرمىدىكى كۆپلىگەن كىشىلەر بۇنى ئوقۇپ نەفسىنى ئىسلاھ قىلىشىدۇ. دېڭىزلى تۈرمىسىدىن بوشىتىلغان بەدىئۇززامان ئەنقەرەدىن كەلگەن بىر ئەمىر بىلەن ئەمىر تېغىغا يەرلىشىشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇ يەردىمۇ قاتتىق كونترول ئاستىدا قالىدۇ. تاماقلىرىغا زەھەر قېتىلىدۇ. دۇئا ، جەۋشەن ۋە سالاۋاتلارنىڭ ھىممىتى بىلەن قۇتىلىدۇ.

1947 ـ يىلى 23 ـ دېكابىردا ئافيون

تۈرمىسىگە كىرگۈزۈلىدۇ. 1949 - يىلى 20 - سىنتەبىردە بوشىتىلىدۇ. شۇ 3 - 4 يىل ئىچىدە شۇ قەدەر دەرىجىدە ئىشكەنجە ئاستىدا قالغانكى، تارىختا ھېچ بىر ئىلىم ئادىمىگە مۇنداق دەھشەتلىك سۇيىقەست قىلىنمىغاندۇر. دېڭىزلىدا بىر ئايدا تارتقان ئازاپىنى ئافيوندا بىر كۈندە تارتىدۇ. لېكىن شۇ قەدەر قىيىنچىلىقلارغا بەددۇئا قىلمايدۇ.

1952 - يىلى ئەسكىشەھىر گە، ئاندىن ئىسپارتاغا كېلىدۇ. شۇ يىلى « ياشلىق رەھبىرى » رىسالىسى مۇناسىۋەتلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ چاقىرىشى بىلەن ئىستانبۇلغا بارىدۇ.

ئۇستاز بەدىئۈززامان سەئىد نۇرسى ھاياتىدا 28 يىل تۈرمىلەردە، سۈرگۈنلەردە ۋە كونترول ئاستىدا بولۇپ، 19 قېتىم زەھەرلەنگەن ۋە دەھشەتلىك ئازاپلارنى چەككەن بولسىمۇ،

تۆرلۈك - تۆرلۈك قىيىنچىلىقلارغا ۋە فىتنە - پاساتلارغا بەرداشلىق بىرىپ ، ئەسىرىمىزدىكى «كىسەللىكلەر» ئۈچۈن قۇتقازغۇچ دورا ھۆكمىدىكى 130 پارچە كىتاپتىن تەركىپ تاپقان «رىسالەئى نۇر» توپلىمىنى، شۇنداقلا كۆپلىگەن قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقىدۇ.

1958 - يىلى رىسالەئى نۇرلار تۇنجى قېتىم ئەركىن ھالدا بېسىلىپ، ھەر تەرەپكە ئەۋەتىلىشكە باشلايدۇ. ئۇستاز بۇ نەشرلەر ئۈچۈن : «نۇرنىڭ بايرىمىنى ياشاۋاتىمىز، ئاخىرەتكە كەتسەممۇ كۆزلىرىم ئوچۇق كەتمەيدۇ.» دەيتتى.

ئۇستاز بارلادىن ئايرىلىشىدىن 25 يىل كىيىن ، رىسالەئى نۇرلارنىڭ تۇنجى يېزىلىشقا باشلىغان رايون - بارلاغا قايتا كەلدى. بۇ يەردە سەككىز يىل ئۆتكۈزگەن ئۇنتۇلماس خاتىرىلەر، سادىق،

پىداكار دوستلار كۆز ئالدىغا كەلدى ... ئىلاھى ئىھسانلار ئاقىقان ، رابىبانى ئىلھاملار تاشقان مۇبارەك يەرلەرنى قايتا كۆردى. سەككىز يىللىق ماكانى بولغان «مەدرىسەئى نۇرىيە» گە يېقىنلاشقاندا ، ئۆزىنى تۇتالماي مۇبارەك كۆزلىرىدىن ياشلار قۇيۇلاتتى. يىللارچە ئۇستىدە سەھەرگە قەدەر دۇئا قىلىپ يالۋۇرغان ، ئىلاھى ئىلھاملارغا ئېرىشكەن مۇبارەك چىنار دەرىخىگە ئىسلىپ ، خوشاللىق كۆز ياشلىرىنى تۇتالمىدى.

ئۇستاز بەدىئۇززامان سەئىد نۇرسى 1960 - يىلى 23 - مارت، رامىزانى شەرىفنىڭ 25 - كېچىسى رەھمان رەھمىتىگە - ئاخىرەتكە كەتتى. ئاللاھۇ تائالا رەھمەت قىلسۇن. ئامىن.